# مۇندەرىجە


❖ «قۇرئان كەرىم»دىكى «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ» دېگەن ئايەت ھەققىدە ......... ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى 2

❖ «قۇرئان كەرىم»گە قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتىمىز ........ مۇھەممەد يۈسۈپ 7

❖ ھاراق ئىچكەن كىشىنىڭ قىرىق كۈنگىچە نامىزى قوبۇل بولمامدۇ ............ دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللا 14

❖ ئىسلامدا ئوتتۇراھاللىق چۈشەنچىسى .........ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى 21

❖ جەمئىيىتىمىز دۇچ كېلىۋاتقان تەھدىتلەر ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش چارە ـ تەدبىرلىرى ............ئابدۇلئەھەد ھاپىز 29

❖ ھىجاب توغرىسىدا ..............سىراجىدىن ئەزىزى 36

❖ پىكرىي ئېقىملارغا نەزەر ............ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن 40

❖ دەۋەتچىلىرىمىزدە ئۈچ غەلەت.....ئابدۇللا مۇھەممەدئىمىن 45

❖ تىل ۋە تەرجىمىچىلىك توغرىسىدا ..........ئابدۇسەمىي مۇھەممەدئىمىن 57

❖ ئابدۇللا روزى داموللا ھاجىمنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى ..........ئابدۇلئەھەد ئۇجات 71

❖ ھەزرىتى خەدىچە زامانىمىز ئاياللىرىغا نېمە دەيدۇ ..........مۇيەسسەر ئابدۇلئەھەد خەندان 74

❖ رۇبائىيلار ...................خالىد مۇھەممەدئىمىن 78

❖ مۇھىم بىلدۈرگۈ.....«مەرىپەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى 79



دىنىي، ئىجتىمائىي
ئۇنىۋېرسال ژۇرنال
(پەسىللىك)

2015

1 ـ سان
(ئومۇمىي 10 ـ سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئەتلىرى:
ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن
ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى
ئابدۇلئەھەد ئۇجات
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ياسىن ئابلىكىم

ئەسەر ئەۋەتىڭ
پىكىر ـ تەكلىپ بېرىڭ
ئېلخەت ئادرېسىمىز:
Meripetjournal@gmail.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكىتاب نۇسخىسىنى
«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز

مۇنبەر ئادرېسى:
WWW. Merifet. net

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





# «قۇرئان كەرىم» دىكى «ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ» دېگەن ئايەت ھەققىدە

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

ئادەم ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە شارائىتنىڭ تەسىرىدىن پۈتۈنلەي ساقلىنىپ قالالىشى ناتايىن. گەرچە بۇ بىر مۇقەررەرلىك بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنىمىز «ئىنسان بارچە مەۋجۇتلۇقنىڭ مەركىزى، ئىنسان تۈزەلسە ھەممە نەرسە تۈزۈلۈپ كېتىدۇ، ئىنسان بۇزۇلسا ھەممە نەرسە بۇزۇلىدۇ» دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق شۇ مۇھىتنىڭ يامان ئاسارەتلىرىدىن مۇمكىنقەدەر يىراق تۇرۇشنى، بار ئامىللارنى ئىشلىتىپ ئۆزىنى ئۆزگەرتىش، ساپلاشتۇرۇش، سۈزۈلدۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى تەكىتلەپ كەلمەكتە. شۇنداقلا ئاللاھنىڭ پەزلى ـ ئېھسانلىرىغا تۇزكورلۇق قىلمىغان ۋە ئاللاھنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلمىغان كىشلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز شۇ پەزلى ـ مەرھەمەتلەرگە نائىل بولالايدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەر بەرمەكتە. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا بىر مىللەتكە نېئمەت بەرگەن، ياخشىلىق ئاتا قىلغان بولسا، بۇلار ئاسىيلىق قىلىپ بۇ نېئمەت ۋە ياخشىلىقنى يوقىتىپ قويىدىغان ئىشنى قىلمىسا، ئاللا بۇ نېئمەتنى ئۇلاردىن تارتىۋالمايدۇ».[1]

«ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ» دەيدۇ.[2]

«(ئۇلارغا) ئېيتتىم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ، نېمە ئۈچۈن سىلەر ئاللاھنىڭ بۈيۈكلۈكىدىن قورقمايسىلەر؟»[3] دەيدۇ.

ئەگەر ئاللاھقا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى كۆرسەتكەن رەۋىشتە ئىتائەت قىلىدىغان بولساق، ئۇ بىز ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى بېرىدۇ ۋە بىز ياخشى كۆرمەيدىغان نەرسىلەرنى بىزدىن دەپئي قىلىدۇ. ئەگەر ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلساق، ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىنى تارتىۋالىدۇ ۋە بىزنى بىز ياخشى كۆرمەيدىغان ئاقىۋەتلەرگە مۇپتىلا قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىر ھەدىس قۇدۇسىدا مۇنداق دېگەن: «مەن پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، پادىشاھلارنىڭ قەلبى مېنىڭ قولۇمدا. ئەگەر ئىنسانلار ئىتائەت قىلسا، پادىشاھ ۋە رەئىسلەرنىڭ

---

[1] ئەنفال سۈرىسى 53 ـ ئايەت

[2] رەئد سۈرىسى 11 ـ ئايەت

[3] نۇھ سۈرىسى 10 ـ 12 ـ ئايەتلەر

قەلبنى ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىشقا ئۆزگەرتمەن. ئەگەر ئاسىيلىق قىلسا، پادىشاھلارنىڭ قەلبىنى ئۇلارنى يامان كۆرىدىغان ۋە ئازابلايدىغان قىلىپ قويىمەن. شۇڭا سىلەر پادىشاھلارنى تىللاپ ئۆزۈڭلەرنى ئاۋارە قىلماي، ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا دۇئا قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ ياخشى بولۇشى سىلەرنىڭ تۈزۈلۈپ توغرا يولدا مېڭىشىڭلارغا باغلىق».[1]

ئۆزۈڭنى تۈزەت، ھالىڭنى ئىسلاھ قىل. سەن ئۆزگەرمىگىچە ئاللاھ ئۆزگەرتمەيدۇ. مەسىلەن: سەن خاتىرجەم ئەركىن تۇرمۇش ئىچىدە بەختلىك ياشاۋاتقىنىڭدا ناشايان ئىشلارنى قىلىپ نېئمەتكە تۇزكورلۇق قىلمىساڭ ئاللاھ سەندىن بۇ بەختنى تارتىۋالمايدۇ، بەختىڭ داۋام ئېتىدۇ. شۇنىڭدەك سەن يامان بىر ھالەتتە بولساڭ شۇ ھالىڭنى تۈزەش ئۈچۈن ياكى ياخشى بىر ھالەتتە بولساڭ شۇ ھالىڭنى تېخىمۇ ياخشىلاش ياكى ئىزچىل ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نەپسىڭ بىلەن كۆرەش قىلىشىڭ كېرەك. بىر ئادەم ئۆزى چۈشۈپ قالغان كرىزىسلاردىن خالاس بولۇشى ئۈچۈن تەۋبە قىلىپ ھالىنى ئۆزگەرتمىسە ئاللاھ ئۇنىڭدىن خاپىلىقنى كۆتۈرىۋەتمەيدۇ.

بىز يورۇتماقچى بولغان يۇقىرىقى ئايەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىككى خىل مەنە بېرىش مۇمكىن: بىرى، سەن ئۆزگەرمىگىچە ئاللاھ ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ. ئىتائەتتىن گۇناھقا چەتنەپ كەتمىسەڭ، ھالىڭنى ياخشىلىقتىن يامانلىققا ئۆرۈپ قويمايدۇ. يەنە بىرى، گۇناھ ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ ئىتائەت ئىشلارغا ئاتلانمىساڭ، ھالىڭنى يامانلىقتىن ياخشىلىققا ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ.

سەن ئۆزگەرمىگىچە ئۆزگەرتمەيدۇ. مەسىلىنىڭ نېگىزى يەنىلا سەن. سەن ئۆزگىرىش تەرىپىگە يۈزلەنسەڭلا ئاللاھ ئۆزگەرتىدۇ، ئۆزگىرىشنى خالىمىساڭ ياكى ئۆزگىرىش تەرىپىگە يۈزلەنمىسەڭ ئاللاھ ئۆزگەرتمەيدۇ.

ئىنساندا ھەرقانچە كۆپ ئېقتىدار، ئىمكانىيەت ۋە قولاي شارائىتلا بولسىمۇ، يەنىلا ئاللاھنىڭ تەقدىر دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ پەزلىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر چوقۇم بار كۈچى بىلەن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش ۋە شۇ يۈنىلىش بويىچە ئۆزىدىكى ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇشقا كۈچىشى كېرەك. ئىمكانىيەتلەرنى توغرا بايقاپ، بار كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش خەۋپ ۋە خېرىسقا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى.

يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى مۇنۇ ھەدىس ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇ بىزگە:

ــ ھەممىڭلارنىڭ جەننەتتىكى ۋە دوزاختىكى ئورنى پۈتۈلۈپ بولدى، ــ دېدى. بىز:

ــ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئۇنداق بولسا، بىز شۇنىڭغا تايانساق بولمامدۇ؟ ــ دېگەندۇق. ئۇ:

ــ ياق، ئەمەل ــ ئىبادەت قىلىڭلار. ھەر ئادەمنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى ئۇنىڭغا ئاسان قىلىنىدۇ، ــ دېدى. ئاندىن: ﴿(پۇل ــ مېلىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھنىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز﴾ دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى.»[2]

كۆنۈككەن بىر ئادەت ياكى مۇھىتتىن ئايرىلىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ھەر نەرسىنىڭ ئۆزگىچە چۈشلۇق بەدىلى بولىدۇ. گۇناھ ــ مەئسىيەتلەردىن قول ئۈزۈش، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي خالاس بولۇشىمۇ ئېغىزدا ئېيتقاندەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس. ئەمما ئاللاھنىڭ پەزلى ــ رەھمىتىنى ۋە رازىلىقىنى كۆزلىگەن بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن بۇ قىلغىلى بولمايدىغان ئىشمۇ ئەمەس. ئەلۋەتتە ئۆزىمىزنى تۈزىتىش ئۈچۈن ياكى جاپا چېكىپ بەدەل تۆلەيمىز ياكى ئۆزىمىزنى

[1] تەبەرانى رىۋايىتى

[2] بۇخارى رىۋايىتى 4947 ـ ھەدىس

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىيېقى

تۈزەتمىگەنلىكنىڭ جازاسىنى تارتىمىز. بۇ ئېنىق مۇقەررەرلىك.

ئۆزنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئىرادە قانچىلىك مۇھىم بولسا، توغرا ئاڭ تېخىمۇ مۇھىم. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، بىز ئىرادە قىلغان نەرسىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلمەيمىز. بەزىدە ئېرىشكەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ پايدىمىزغا بولمايمۇ قالىدۇ. شۇڭا ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىزدە مۇستەھكەم ئىرادە تۇرغۇزۇشىمىز، ئاندىن ئىشلارنىڭ ئەڭ توغرا ۋە شەرئىي يوللۇق بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك. بۇنداق بولغاندا ناۋادا بىز ئىرادىمىز بويىچە كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەي قالغان تەقدىردىمۇ يەنىلا شەرئەت تەرىپىگە يۈزلەنگەنلىكىمىزنىڭ ئەجرىگە ئېرىشەلەيمىز.

## ئۆزنى ئىسلاھ قىلىشتىكى بىر قانچە پرىنسىپ:

### 1. ئۆزنى ئىسلاھ قىلىشتا چىدامچانلىق روھى بولۇش كېرەك!

ماددىي ئىسلاھات مەنىۋي ئىسلاھاتتىن كۆپ ئاسان بولىدۇ. ئادەت، ئىستىل، چۈشەنچە ۋە ئىدىيىنى ئۆزگەرتىش زور سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىققا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

### 2. مۇناسىپ پۇرسەت ئىزدەش ۋە قولغا كەلگەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك!

كېچە ھەرقانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ ھامان تاڭ ئاتىدۇ. شۇنداق، بەزىدە ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشتا نۇرغۇنلىغان توسالغۇلارغا يولۇقىدىغان ئىشلار بولىدۇ. لېكىن ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىمىزلا دەيدىكەنمىز «شارائىت ھەر قانچە يامانلىشىپ، يوللار ھەر قانچە تارىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردە يۈكسىلىش پۇرسىتى ھامان تېپىلىدۇ» دەيدىغان ئىشەنچكە كېلىشىمىز لازىم.

ۋەزىيەت، شارائىت دائىم بىز كۈتكەندەك بولۇۋەرمەيدۇ. لېكىن چىن ئىرادە ۋە سەممىي قەلب بىلەن ئىسلاھات تەرىپىگە يۈزلىنىدىكەنمىز مۇناسىپ پۇرسەت تېپىلىپ تۇرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى قىلچە باھانە تاپماسلىق، يوقلاڭ باھانە سەۋەبلەر بىلەن مەسئۇلىيەتتىن قاچماسلىقتۇر.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «ئاشۇ ئىشلاردا بەسلىشىدىغانلار بەسلەشسۇن».[1] دېمەك، ياخشىلىق، ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە ئۆزنى ئىسلاھ قىلىش ساھەلىرى بەسلىشىش ۋە رىقابەتلىشىش مەيدانى بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ. بۇ ساھەدە ھەر بىر ئادەمگە ئۆزىگە يارىشا ئورۇن ۋە پۇرسەت بار.

### 3. دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاچقۇچى ئۆزنى ئىزچىل ئىسلاھ قىلىشتۇر

ئۆزنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تۈزىتىش مەسىلىسى قىلسىمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئادەتتىكى بىر ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتكە، قەدىر ـ قىممەتكە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. مەسىلەن: بىر ئادەم ئىسراپخورلۇق سەۋەبىدىن ئېغىر قەرزدار بولۇپ قالغان بولسا، بۇ ئادەمنىڭ ئەڭ مۇناسىپ چىقىش يولى چىقىم قىلىشتىكى ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، تېجەشلىك بولۇش. بۇنداق قىلغاندا شەرئەتتە ھارام قىلىنغان ئىسراپچىلىققا چۈشۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ، شۇنداقلا بۇ دۇنيادىكى قەدىر ـ قىممىتى ۋە ئىززىتىنىمۇ ياخشى قوغداپ قالالايدۇ. دېمەك، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى قەدىر ـ قىممەت، بۇ دۇنيادىكى غورۇر ۋە ئىززەتنىڭ بىردىنبىر ئاساسى ئىزچىل ئۆزنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش ۋە كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى ۋاقتىدا ئىسلاھ قىلىپ تۇرۇشتۇر.

پەقەت ئۈمىدسىز، قەدىر ـ قىممەتكە قىزىقمايدىغان، شەرەپ ـ نومۇس تۇيغۇسى يوق كىشىلەرلا ئۆزنى تۈزىتىشكە ۋە ئۆزگەرتىشكە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

شەخس سۈپىتىدە ئۆزنى ئىسلاھ قىلىش بىر پۈتۈن جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ تۈنجى

[1] سۈرە مۇتەففىفىن 26 ـ ئايەت

قەدىمىي ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ھەر ئادەم جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىمارەتتىكى بىر كېسەكتۇر. ئىمارەتنىڭ كۆركەم، ھەيۋەتلىك، گۈزەل پۈتۈپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم چوقۇمكى ھەر بىر تال كېسەكنى ياخشى تاللىشى لازىم.

## 4. ئىلىم-مەرىپەت ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھ قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ

كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئۇنىۋېرسال ساپاسى ئۇلارنى ئۆزگىرىش ۋە ئىسلاھاتقا ئۈندەيدىغان ئەڭ كۈچلۈك ئامىللارنىڭ بىرى. قەشقەر ۋە بۇخارا مەدرىسلىرىدە ئۇزاق مۇددەت ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئىلىم بىلەن خەلقنى ئاقارتىش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئىستىكىدە بارلىق ئەقىل-پاراسىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى دىنىي، مىللىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش، دىن بىلەن پەن بىر گەۋدە قىلىنغان يېڭىچە مائارىپنى گۈللەندۈرۈشكە سەرپ قىلغان مەشھۇر ئۆلىما، ئىسلاھاتچى ئابدۇقادىر داموللامنى خوراپات ۋە نادانلىق ئەۋج ئالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىشتا ئاۋانگارت بولۇشقا ئۈندىگىنى، خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلدۇرغىنى ئۇنىڭ كۈچلۈك ئېتىقادى، چىن مەنىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، توغرا ھەزىم قىلىنغان ئىلىم-مەرىپىتى، مۇكەممەل يېتىلگەن ئادىمىيتى ئىدى.

قايسى بىر جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ مەرىپەت ۋە ھەزارىتىدە كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىش بارلىققا كېلىدىكەن، چوقۇمكى شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىدە نەتىجە يارىتىش، ئالغا ئىلگىرىلەش، تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىشكە بولغان تەلپۈنۈشلەر كۈچىيىشكە باشلايدۇ. يۈكسىلىشكە ئىنتىلىش كىشىلەردە ئۆزىنى ئۆزگەرتىش سېغىنىشىنى پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۆزگەرتىش يولىدىكى زور بەدەللەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلالايدىغان ھالەتكە ئېلىپ كېلىدۇ.

ساۋاتسىزلىق، قالاقلىق ۋە نادانلىق ھەرقانچە خار-زەبۇنلۇققىمۇ غىڭ قىلماي تەسلىم بولىدىغان روھىي مەغلۇبىيەتچىلىككە زېمىن ھازىرلايدۇ.

بۇ ھەقتە ئابدۇقادىر داموللام مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

بىلمىسىزلىك نومۇستۇر بىشەك،

رازىدۇر ئۇنىڭغا پەقەتلا ئېشەك.

ئادەم قانچىكى كۆپ مەلۇماتقا ئىگە بولغانسېرى ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش ۋە ئىسلاھاتقا شۇنچە كەڭ زېمىن ھازىرلانغان بولىدۇ. چۈنكى، كۆپ قىرلىق مەلۇمات ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك قىممەتقارىشى ۋە نەزەر دائىرىسىگە مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## 5. ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھ قىلىشتا ئىنچىكە سەزگۈرلۈك بولۇشى كېرەك!

ناچار ئادەت ۋە غەيرىي ئىستىللار ھەرگىزمۇ ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ چوقۇم مەلۇم ئارقا كۆرۈنۈشى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىش مەسىلىسىدە ئەڭ ئاۋۋال مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ چىقىشىمىز، ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك تەرىپى بىلەن، ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك تەرىپىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈۋېلىشىمىز كېرەك. ناۋادا ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھاتتىكى ئۇسۇلغا دىققەت قىلمىغاندا ئاسانلا ئىسلاھات قىلغۇچىلىق سالاھىيىتىنى يوقىتىپ بۇزغۇنچى بولۇپ قالىدىغان گەپ. ئىنسان ناھايىتى مۇرەككەپ بىر مەۋجۇتلۇق. ئۇنىڭ بىز كۆرۈۋاتقان زاھىرى بىلەن ئىچكى دۇنياسى تامامەن ئوخشاش بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بىز بەزىدە جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئىللەتلەرنى ناھايىتى ئاسانلا ئۆزگەرتەلەيدىغاندەك، بىر قېتىم ياكى بىر قانچە قېتىملىق تەبلىغ، دەۋەتلەر ئارقىلىق تۈزىتىۋەتكىلى بولىدىغاندەك ئويغا كېلىپ قالىمىز. ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەسىلە بۇنداق ئاددىي بولماي قالىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك مەلۇم بىر جەمئىيەتتىكى ھادىسىلەر بىر كۈندىلا پەيدا بولۇپ قالمايدۇ. ھەر ئىشنىڭ ئۆزىگە خاس سەۋەبى ۋە جەريانى بولىدۇ. ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىش ئىشلىرىدا ئاۋانگارت بولماقچى بولغانلار ھەر بىر مەسىلىگە نىسبەتەن سەزگۈر ئىنكاستا بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەيئىلەرنىڭ زاھىرى تەرىپىدىن بەكرەك ماھىيىتى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشىگە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

## 6. ئىزچىللىق ۋە مۇستەھكەم ئىرادە ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھاتنىڭ يادروسى

ئەگەر بىزدە ئىزچىللىق ۋە پولاتتەك ئىرادە بولمايدىكەن ھەر قانداق ياخشى مۇھىت ۋە گۈزەل شارائىتلارمۇ ھېچ ئىشقا يارىماي قالىدۇ.

نۇرغۇن ئاقكۆڭۈل قېرىنداشلار ئۆزىنى ۋە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشقا شۇنچە كۆڭۈل بۆلىدۇ. كېچە-كۈندۈز ئۆزىنى بۈيۈك ئىسلاھاتلارغا ساھىبخانلىق قىلسامىكەن دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزى ئارزۇ قىلىۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرىنى چۈشەنمىگەچكە بىھۇدە بەدەل تۆلىگەننى ئاز دەپ ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. بۇ خىل روھىي كىرىزىسقا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ نېمە ئىشلارغا يارايدىغانلىقىمىزنى ئوبدان مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېلىشىمىز، قولىمىزدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنىڭ ھەۋىسىنى قىلىپلا يۈرگىچە قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشلارنى توغرا نىيەت ۋە مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. مانا شۇ چاغدىلا ئۆزىمىزدە ئىشەنچ ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئىشەنچ ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن غايىمىز تەرىپىگە قاراپ ئىزچىل ئىلگىرىلىگەندىلا ھامان بىر كۈنى نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز.

## 7. «يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىش» لازىم

ھەر قانداق ئىشنىڭ باشلىنىشى ئادەمدە ھەرخىل ئىزتىراپ ۋە خەۋپسىرەش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئادەمدە ناھايىتى كۈچلۈك ئۆزلۈك خاھىشى، ئۆزگە بولغان ئىشەنچ ۋە مۇستەھكەم ئىرادە بولمىسىلا ئىش باشلىنا-باشلانماي مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتىدىغان گەپ. ئۆزگە بولغان ئىشەنچى كەمچىل، ئۆزلۈكى ئاجىز ئادەملەردە ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھات ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتەلمەسلىك ئەھۋالى مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ خىلدىكى ئادەملەر كۆپىنچە ئۆزىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇلار «سىڭگەن نىننى يېيىش» تەرەپدارى بولۇپ، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، نىشان، غايە قانچىكى بۈيۈك بولسا ئۇنىڭغا تۆلەيدىغان بەدەلمۇ شۇنچە زور بولىدۇ. غايىگە يېتىش يولىدا گاڭگىراش، ئىزتىراپ چېكىش بىر بولسا مەنئۇييەتنىڭ ئاجىزلىقىدىن، يەنە بىر بولسا غايىنىڭ ئەمەلىي رېئاللىققا ماسلاشمىغانلىقتىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھات قىلىشتا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى، يېتەرسىزلىكلىرىنى بىر قۇر تونۇۋېلىش؛ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىمۇ شۇ جەمئىيەتتىكى ساقلاپ قىلىشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن خاتىمە بېرىشكە تېگىشلىك ئىللەتلەرنى توغرا پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، ئىسلاھ قىلىش ۋە ساقلاپ قېلىش يوللىرىنى ياخشى تەھلىل قىلىش لازىم. ئۆزىنى تۈزىتىش ۋە ئىسلاھ قىلىش شەخسىي مەسىلە بولغان بىلەن جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تۈزىتىش بىر پۈتۈن خەلقنىڭ مەسىلىسى. بۇنداق چوڭ مەسىلىلەردە ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ شەخسىي ھېسسىياتىغا تايىنىپلا ھەر مۇقامدا يورغىلىماستىن، ھەر ئىشتا كېڭەشلىك بولۇپ، تارىختىن دەرس ۋە ساۋاق ئېلىپ ئىشلارنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى تەڭ نەزەرگە ئېلىشى ۋە قىلماقچى بولغان ھەر ئىشىدا «يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىشى» لازىم.

(ئاپتور مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى)



# «قۇرئان كەرىم»گە قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتىمىز؟

مۇھەممەد يۇسۇپ

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ روھى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ دەستۇرى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھىدايەت رەھبىرىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە پرىنسىپى، ئەخلاق ئۆلچىمى، شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە بارلىق مەسىلىلىرى «قۇرئان كەرىم»گە تايىنىدۇ. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» بىردىنبىر ئىشەنچلىك ئىلاھىي كىتاب ۋە پاك مەنبەدۇر. ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتنىڭ يول خەرىتىسى سىزىلغان، ئۇلارنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادىتى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى «قۇرئان كەرىم»گە ئەگىشىشكە، ئۇنى دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئۆزلىرىگە دەستۇر قىلىشقا بۇيرۇغان. «رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە چۈشۈرۈلگەنگە ئەگىشىڭلار، ئۇنى قويۇپ، باشقا دوستلارغا ئەگەشمەڭلار»[1] ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇشقا ۋە ئۇنى بىردىنبىر قانۇن قىلىشقا بۇيرۇغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «سېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەق كىتابنى چۈشۈردۇق»[2] «قۇرئان كەرىم»گە ئەگىشىش ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشنىڭ يولىدۇر. «بۇ (قۇرئان) بىز چۈشۈرگەن مۇبارەك كىتابتۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار ۋە ئاللاھتىن قورقۇڭلار»[3]

ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان تۈپتۈز يولنى ئىزدىگەن ئادەم «قۇرئان كەرىم»گە چىڭ ئېسىلىشى شەرت. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئالەملەر ئۈچۈن، سىلەردىن توغرا يولدا يۈرۈشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن بىر نەسىھەتتۇر.»[4] «قۇرئان كەرىم» شۇنداق بىر نۇرلۇق مەشئەلكى، ئۇ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ يولىنى يورۇتىدۇ، قەلبلەردىكى شەك ـ شۈبھىلەرنى ۋە قاراڭغۇلۇقلارنى يوقىتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاللاھتىن بىر نۇر ۋە روشەن بىر كىتاب كەلدى. ئاللاھ رازىلىقىنى ئىزدىگەنلەرنى ئۇنىڭ بىلەن نىجاتلىق يوللىرىغا ئېرىشتۈرىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن قاراڭغۇلۇقلاردىن يورۇقلۇققا چىقىرىدۇ ۋە توپتوغرا بىر يولغا باشلايدۇ.»[5]

ھەرقانداق ئادەم «قۇرئان كەرىم» ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا بارىدىغان يولنى تاپالايدۇ: «بۇ رەببىڭلاردىن كەلگەن، قەلب كۆزلەرنى ئاچىدىغان بايانلاردۇر، مۇئمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر.»[6]

«قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يۈرگەن ئادەم ئەڭ توغرا يولدا ماڭغان بولىدۇ: «ئى ئىنسانلار! شۈبھىسىزكى، سىلەرگە رەببىڭلاردىن كەسكىن بىر دەلىل كەلدى، سىلەرگە

[1] ئەئراف سۈرىسى 3 ـ ئايەت
[2] نىسا سۈرىسى 105 ـ ئايەت
[3] ئەنئام سۈرىسى 155 ـ ئايەت
[4] تەكۋىر سۈرىسى 27 ـ 28 ـ ئايەتلەر
[5] مائىدە سۈرىسى 15 ـ 16 ـ ئايەتلەر
[6] ئەئراف سۈرىسى 203 ـ ئايەت

uyghurkitap.com

ئويغۇچۇق بىر نۇرنى چۈشۈردۇق.»[1]

شۇنداق، «قۇرئان كەرىم» ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ ماھىر يولباشچى بولۇپ، ئەگەشكۈچىلىرىنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، ئەڭ ئاز تىرىشچانلىق بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئېلىپ بارىدۇ. «ئۇلارغا ئوقۇلۇۋاتقان كىتابنى ساڭا چۈشۈرگەنلىكىمىز ئۇلارغا يەتمەمدۇ؟ ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن ئۇنىڭدا رەھمەت ۋە ئىبرەت بار.»[2]

«قۇرئان كەرىم»نى قويۇپ باشقا يوللار بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىمىز دېگۈچىلەر ئەخمەقلەردۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىشنىڭ پۈتۈن يوللىرى «قۇرئان كەرىم»دە ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

## «قۇرئان كەرىم» ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى تەجۋىد قائىدىسىگە رىئايە قىلغان ھالدا توغرا ئوقۇپ، مەنىسىنى توغرا چۈشىنىپ، مەقسەت ۋە غايىلىرىنى بىلىپ، تەلەپ قىلغىنى بويىچە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان. «ساڭا بۇ مۇبارەك كىتابنى ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلسۇن ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ چۈشۈردۇق.»[3] ئەپسۇسكى، مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى تەپەككۇر قىلىنىدىغان، چۈشىنىلىدىغان، ئەمەل قىلىنىدىغان ئەمەس پەقەت تىلاۋەت قىلىنىدىغانلا بىر كىتابقا ئايلاندۇرۇۋالغان.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ قۇرئاننى ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن تۇرسا، كىشىلەر ئۇنى تىلاۋەت قىلىشنى ئەمەل سانىۋالدى». فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دېگەن: «قۇرئان چوقۇم ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى تىلاۋەت قىلىشنى ئەمەل دەۋالغان». مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ لەۋزى بىلەنلا مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ مەنىسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت-ئابرويىنىڭ، كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ ۋە قەد كۆتۈرۈشىنىڭ مەنبەيىدىن مەھرۇم قالغان. ئۇلار شۇنداق قىلىپ يولنى يورۇتىدىغان چىراقنى ئۆز قولى بىلەن ئۆچۈرۈپ قويغان. نەتىجىدە، باشقىلارنىڭ سايىسىدا، ئۇلارنىڭ رەھىم-شەپقىتىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرۈدىغان، قەدىر-قىممىتنى ۋە ئېتىبارىنى يوقىتىپ قويغان بىر ئۈممەتكە ئايلىنىپ قالغان. ئۆتمۈشلەردە دۇنيانى سورىغان سەلتەنەتلىك مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى كۈندە باشقىلارنىڭ سەلتەنىتىگە بېقىندىغان بولۇپ قالغان. ئۇلارنى ئەسلىدىكى سەلتەنىتىگە ۋە ئىززەت-ئابرويىغا ئېرىشتۈرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ ئۇلارنىڭ قولىدا بار. ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ لەۋزىنى تىلاۋەت قىلىشقا كۆپايە قىلىپ، مەنىسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنالماي كەلمەكتە.

## مۇسۇلمانلارنىڭ شان-شەرىپى «قۇرئان كەرىم» بىلەندۇر

«قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بەخت-سائادەت مەنبەيى بولغاندەك يەنە ئۇلارنىڭ ئۇلارنىڭ شان-شەرەپ ۋە ئىززەت مەنبەيىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «شەكسىزكى، بىز سىلەرگە ئىچىدە سىلەرنىڭ شەرىپىڭلار بولغان بىر كىتابنى چۈشۈردۇق. تېخىچە چۈشەنمەيۋاتامسىلەر؟»[4]

ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار بارچە كۈچنى «قۇرئان كەرىم»دىن ئالغان. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ نېمە مەقسەت بىلەن چۈشكەن كىتاب ئىكەنلىكىنى تونۇغان ۋە ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ سەلتەنىتى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ، ئۈچ قىتئەگە يۆتكەلگەن. ئۇلار دۇنيادا ئادالەت بىلەن ھەققانىيەتنى ئومۇملاشتۇرغان ئىدى.

ئەمما ئەپسۇسكى، ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىن كېيىنكى ۋە ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا «قۇرئان كەرىم» ھازىر ۋە غائىب ھالەتتە بولۇپ قالغان. ھازىر دېگىنىمىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ

[1] نىسا سۈرىسى 174-ئايەت

[2] ئەنكەبۇت سۈرىسى 51-ئايەت

[3] ساد سۈرىسى 29-ئايەت

[4] ئەنبىيا سۈرىسى 10-ئايەت

مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا، قارىيلارنىڭ دىلىدا بار ئىكەنلىكىنى، غائىب دېگىنىمىز «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلىشنىڭ يوقالغانلىقىدىن ئۇنىڭ روھىنىڭ، مۆجىزىسىنىڭ ۋە ھاياتىنىڭ باشلامچىلىق رولىنىڭ بىزنىڭ ھاياتىمىزدا يوقالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىز مۇسۇلمانلار «قۇرئان» ئوقۇپ ساۋاب تېپىشقا كۆپايە قىلىپ، ئۆزىمىزنى چوڭ ساۋابلىق ئىش قىلغانلار قاتارىدا ساناپ كېلىۋاتىمىز.

ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي مۇنداق دېگەن: «بىز قۇرئاننى ھاياتىمىزدا ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرىشىمىز لازىم. ئەمما ئۇنى ئۆيلەردە، دۇكانلاردا ۋە ئىش ئورۇنلىرىدا ساقلاپ تەۋەررۇك قىلىشقا ياكى قۇرئاننى ئېچىپ بىر ياكى ئىككى ئايەت ئوقۇپلا يېپىپ قويۇشقا بولمايدۇ.»[1]

توغرا، قۇرئاننى ئوقۇپ قويغان بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، مەسىلە ھەل بولمايدۇ ۋە مەقسەت ئادا بولمايدۇ. چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى «تىلاۋەت» سۆزى «تىلى، يتلۇ»دېگەن سۆز يىلتىزىدىن چىققان بولۇپ، مەنىسى داۋاملاشتۇرۇش، ئارقىسىدىن يۈرۈش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئەرەب تىلىدا، بىراۋ يەنە بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغاننى «يتلۇ»دەيدۇ. دېمەك، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىر قانچە ئايەت ياكى بىر قانچە سۈرىنى ئوقۇپ قويۇشلا ئەمەس، بەلكى ئوقۇغاننىڭ مەنىسىنى بىلىپ، روھىغا ئەمەل قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش، قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشتىن توختاپ قالماسلىق دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

ئىمام ھەسەن بەننا مۇنداق دېگەن: «‹قۇرئان كەرىم› يۇقىرى ئۇپۇقتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە تۇمار قىلىپ ئېسىۋېلىش ياكى مازار بېشىدا ئوقۇش ياكى مۇسىبەتلەردە تىلاۋەت قىلىش ياكى قارىيلارنىڭ دىلىدا، ياكى كىتاب ھالىتىدە ساقلاش ياكى ئۆزىنى يادلاپ ئەھكاملىرىنى تاشلاپ قويۇش ئۈچۈن چۈشكەن كىتاب ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنسانىيەتنى بەختلىك

1 «قۇرئانغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك؟» نامىلىق ئەسەر59 ـ بەت

ھاياتقا باشلاش ئۈچۈن چۈشكەن كىتابتۇر. «سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر ۋە روشەن كىتاب كەلدى. ئاللاھ شۇ كىتاب ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ.»[2]

«ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ پەزىلىتىنى بىلگەن. شۇڭا ئۇلار ئۇنى ھاياتىنىڭ دەستۇرى ۋە قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىڭ مەنبەيى، قەلبىنىڭ نۇرى، ئىبادەتلىرىنىڭ ئاساسى قىلغان. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىپ ئوقۇش ۋە مەنىسىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قەلبىنى ئاچقان، ئۇنىڭ پاك ئابىھاياتلىرىدىن قانغۇچە ئىچكەن، شۇنىڭ بىلەن روھىنى سۇغارغان. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دۇنيانىڭ سەلتەنىتىنى ئاتا قىلغان. ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارغا يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەتلەرنى ۋەدە قىلغان. ئەپسۇسكى، بىز ئۇلارغا ئوخشاش بولالمىدۇق، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلالمىدۇق. بۇ سەۋەبتىن ھازىرقى ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. دۇنيالىق ئىشلاردا ئاجىز، دىنىي ئىشلاردا زەئىپ بولۇپ قالدۇق.»[3]

## ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە تۇتقان پوزىتسىيەسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى «قۇرئان كەرىم»گە ئىچ ـ ئىچىدىن بېرىلەتتى، ئۇنى چىن قەلبىدىن سۆيۈپ تىلاۋەت قىلاتتى ۋە ئۇنى ئاڭلىغاندا ئىمانى كۈچىيەتتى. ئۇلار مۇنۇ ئايەتلەردىكى ئېسىل سۈپەتلەرگە سازاۋەر كىشىلەر ئىدى: «مۆئمىنلەر پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە يۈرەكلىرى تىترەيدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، رەببىگە تايىنىپ ئىشەنچ باغلايدىغان كىشىلەردۇر»[4] «مۆئمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، بۇ قۇرئان ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار خۇشال بولۇۋاتىدۇ»[5]

2 مائىدە سۈرىسى 15 ـ 16 ـ ئايەتلەر
3 «نەزەرات فى كىتابىللاھ» 34 ـ بەت
4 ئەنفال سۈرىسى 2 ـ ئايەت
5 تەۋبە سۈرىسى 124 ـ ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سەييد قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى مەلۇمات ھاسىل قىلىش ياكى بىلىم ئاشۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئوقۇمايتتى. بەلكى ئۇزۇقلىنىش، ئەمەل قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئوقۇيتتى.

توغرا، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى خۇددى جەڭ مەيدانىدىكى ئەسكەرلەر قوماندانىدىن بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالغاندەك تاپشۇرۇپ ئالاتتى. شۇڭا ئۇلار كۈندىلىك ئالىدىغان تەلىملىرىدە زىيادىنى خالىمايتتى. چۈنكى ئۇلار كۈندىلىك ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى تۇرمۇش ئىشلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ۋە ئىجرا قىلىپ ماڭغانلىقتىن، ئۈستىلىرىگە كۆپ تەكلىپلەرنى ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلىۋېلىپ ئەمەل قىلالماي قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار-ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇنىڭ رىۋايەت قىلغىنىدەك «ئون ئايەتنى ياخشى ئۆگىنىپ ۋە يادقا ئېلىپ، ئۇنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلىشنى ئۆگىنىپ بولۇپ، ئاندىن باشقىسىغا يۆتكىلەتتى».[1]

ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش مەقسىتى بىلەن قوبۇل قىلىشى ئۇلار ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھالاۋەت ئۇپۇقلىرىنى ئېچىپ بېرەتتى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نى ئىزدىنىش، مەلۇمات ئىگىلەش نىيىتى بىلەن ئوقۇغان بولسا، بۇنداق ھالاۋەت ئۇپۇقلىرى ئۇلار ئۈچۈن ئېچىلمىغان بولاتتى. قۇرئان ئۇلارنىڭ ھاياتىغا شۇنچىلىك چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنكى، ھەربىر ئىشدا ئۇلارنىڭ ئەمەلىي دەستۇرىغا ئايلانغانىدى. قىسقىسى «قۇرئان كەرىم» خۇددى ئۇلارنىڭ تومۇرلىرىدا ئاققان قانغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ ھايات ساھەلىرىدە ئۆز رولىنى كۆرسەتكەن ئىدى. «قۇرئان كەرىم»نىڭ خەزىنىسىگە پەقەت ئۇنىڭغا تولۇپ تاشقان جەڭگىۋارلىق روھى بىلەن يۈزلەنگەن ئادەمگىلا بېرىلىدۇ.

چۈنكى «قۇرئان كەرىم» ئوقۇپ كۆڭۈلنى خۇش قىلىش ئۈچۈن چۈشكەن كىتاب ئەمەس ياكى ئەدەبىيات ياكى تارىخ كىتابى ئەمەس. بەلكى ئۇ ھاياتلىقنىڭ دەستۇرى بولۇش ئۈچۈن چۈشكەن كىتابتۇر.»[2]

«قۇرئان كەرىم» ساھابىلارنىڭ ھاياتىدا ئۇلارنىڭ ئەقلىگە، ۋىجدانىغا ۋە ئەخلاقىغا ئەڭ زور تەسىر قىلىدىغان بىردىنبىر تەسىر مەنبەسى ئىدى. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ ئۆزىنى، ئەقىدىسىنى، ئەخلاقىنى ۋە بىر پۈتۈن ھاياتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. ئۇلار ھەر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدىن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئاڭلىغانلىرىدا، ئۇلاردا چوقۇم ئۆزگىرىشلەر بولاتتى، ۋىجدانى ھەرىكەتكە كېلەتتى، ئەقلى ئويغىنىشقا، ئەخلاقى ئۆزگىرىشكە باشلايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىمانى كۈچلىنىپ كېتەتتى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىق قىسسىسى «قۇرئان كەرىم» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ئوخشاش «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولغانلىرى كۆپ ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى مەدىنىگە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشقا ئەۋەتكىنىدە، ئۇنىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى كىشىلەرگە «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇپ بېرىش بولغان ئىدى. مەدىنە ئەھلى مۇسئەبنىڭ تىلاۋىتى سايىسىدا مۇسۇلمان بولغان ۋە ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەدىنىگە ئېلىپ بېرىش باغرىغا بېسىش ئارزۇسىدا ياشىغان.

ساھابىلارنىڭ، تابىئىنلارنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولغان ئىدى. «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى بىلەن ئەخلاقىنى ئۆزگەرتكەنلىكى سىرتىدا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەرزىنىمۇ ئۆزگەرتكەن. بۇ ئۆزگىرىش ئۇلارنىڭ شەخسىي ھاياتىدا، ئائىلىۋى ھاياتىدا، ئىجتىمائىي ھاياتىدا، ئىقتىسادىي ھاياتىدا، ئەدەبىي ھاياتىدا، سىياسىي ھاياتىدا ئۆز تەسىرىنى تولۇق كۆرسەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار «قۇرئان ئۈممىتى» بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان. دۇنيا خەلقى ئۇلارغا قايىل

[1] «تەپسىر ئىبنى كەسىر» مۇقەددىمىسى

[2] «مەئالىم فىتتەرىق» 11-12-بەتلەر

بولغان، ھەممە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۇستاز تۇتقان. نەتىجىدە ئۇلار دۇنيانىڭ ئۈچ قىتئەسىدە ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگەن. چۈنكى ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ جەۋھىرىي تەرىپىگە ئەھمىيەت بېرەتتى، يەنى ئۇلار قۇرئانغا شەكلىي ياكى زاھىرىي جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى جەۋھىرىي تەرەپتىن ئەگىشەتتى. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەمرلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قوبۇل قىلاتتى، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى تەتبىق قىلىش ئۈچۈن ئۆگىنەتتى، ئۆگەنگەن ئايەتلىرىنى تولۇق ھاياتلىققا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن باشقىسىنى ئۆگىنەتتى. ئىسلام خەلىپىلىرى ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك قوماندانلىرىمۇ بىراۋ قۇرئان ئايەتلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارشى چىققاندا سۈكۈت قىلاتتى ۋە ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا بوي ئېگەتتى. بىر قېتىم ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا بىر سەھرالىق ئەرەب ئەدەپسىز گەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن. شۇ ۋاقىتتا بۇ سەھرالىق ئەرەبنىڭ بىر ھەمراھى ئۆمەرگە «سەن ئەپۇچانلىق يولىنى تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، نادانلاردىن يۈز ئۆرۈگىن» دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆمەر تەبەسسۇم قىلغان. يەنە بىر قېتىم ئۇ مەسجىدتە ئاياللارنىڭ مەھرىنى ئۆرلىتىۋاتماسلىق توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقاندا، بىر ئايال ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئاللاھ تائالانىڭ: «ئۇلارنىڭ بىرىگە(مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار» دېگەن سۆزىنى تىلاۋەت قىلغاندا، ئۆمەر «ئايال توغرىسىنى تاپتى، ئۆمەر خاتالاشتى» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئېيتقان. ھەججاج ئىبنى يۈسۈپ زالىملىقى ۋە رەھىمسىزلىقى بىلەن تونۇلغان مۇسۇلمان قوماندان ئىدى. ئۇ بىر كۈنى بىر گۇناھسىز ئادەمنى باشقا بىرىنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك قولغا ئالغان. بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ھەججاج ئۇنىڭغا بىراۋنى تۇغقانلىرىنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك جازالىسا بولىدۇ، دېگەننى ئىپادىلەيدىغان شېئىرلارنى ئوقۇپ ئۇنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلىماقچى بولغان. بۇ ۋاقىتتا بۇ ئادەم «قۇرئان كەرىم»دىكى: «(يۈسۈف): «ئاللاھ ساقلىسۇن! نەرسىمىزنى كىمنىڭ يېنىدىن تاپقان بولساق، شۇنى ئېلىپ قالىمىز، بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز» دېدى»[1] دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ھەججاج بۇ ئادەمنى قويۇپ بەرگەن.

«قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادلىۋالغان قارىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا ۋە ساھابىلارنىڭ دەۋرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلەردىن سانىلاتتى. ئۇلار خەلىپىلەرنىڭ كېڭەشلىرىگە قاتنىشاتتى، جىھاد مەيدانلىرىدا ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىدى. يەمامە ئۇرۇشىدا شېھىت بولغانلارنىڭ كۆپ قىسمى قارىيلار ئىدى. قارىيلار «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس نۇرنى دىلىدا ساقلىغانلىقى سەۋەبلىك شۇنچىلىك ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ ئەقلىنى يورۇتىدىغان، يولىنى كۆرسىتىدىغان، ھاياتىنى پارلاق قىلىدىغان بىردىنبىر نۇر ئىدى. «ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە بىز چۈشۈرگەن نۇرغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار»[2] دېگەن ئايەتتىكى نۇر دەل «قۇرئان كەرىم» ئىدى.

## ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە تۇتقان پوزىتسىيىسى

ھازىرقى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»گە شەكلىي ياكى زاھىرى تەرەپتىنلا كۆڭۈل بۆلمەكتە. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ تىلاۋىتىگە ۋە ئۇنى يادلاشقا ئەھمىيەت بەرگەندەك ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ھاياتتا تەتبىقلاشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ھازىرقى زاماندا يۈز مىڭلارچە مۇسۇلمان «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىدۇ، مىڭلارچە ياش «قۇرئان كەرىم»نى يادلىماقتا، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆيلىرىنى، ئىشخانىلىرىنى ۋە ماشىنىلىرىنى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن زىننەتلىمەكتە. يەنە نۇرغۇنلىرى «قۇرئان كەرىم»نى ماشىنىسىدا ياكى يانچۇقىدا ساقلاش ئارقىلىق ئۇنى تەۋەررۈك قىلماقتا. بەزى ئاۋاملار «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى كېسەللىرىگە شىپالىق ئۈچۈن ئىشلەتمەكتە، ھەتتا سەئۇدى

[1] يۈسۈف سۈرىسى 79 ـ ئايەت

[2] تەغابۇن سۈرىسى 8 ـ ئايەت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەرەبىستاندەك بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدە «ئايەت بىلەن داۋالاش مەركەزلىرى» ئېچىلماقتا. ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ رادىيو، تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن باشلىنىپ، يەنە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە مەخسۇس «قۇرئان كەرىم» رادىيوسىدا كېچە-كۈندۈز قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. دېمەك، «قۇرئان كەرىم» شۇنچىلىك كۆپ تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرماقتا. ئەمما ئەپسۇسكى، هازىرقى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان، ئۇنى لايىقىدا قەدىرلىيەلمىگەن، ئۇنىڭ چۈشۈرۈلۈشىدىن بولغان ئاساسىي مەقسەتنى ئورۇندىمىغان، ئۇنىڭ جەۋھىرى تەرىپىگە ئەھمىيەت بەرمەستىن، پەقەت زاھىرىي تەرىپىگىلا ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى ئاچالمايدىغان، قەلبىگە تەسىر قىلالمايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. ئىسلام ئۈممىتى «قۇرئان كەرىم» بىلەن شەرەپلەنگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن قەد كۆتۈرگەن ئۈممەت بولۇپ، بىزمۇ-ئەگەر ئەمەل قىلساق قەد كۆتىرىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۈممەتنىڭ ئاخىرىنىڭ ئەھۋالى پەقەت ئالدىنقىلىرىنىڭ ئەھۋالى تۈزەلگەن نەرسە بىلەنلا تۈزىلىدۇ.»[1]

«قۇرئان كەرىم»نى يادقا ئېلىپ «قارىي» بولۇش ناھايىتى ياخشى ئىش، ئەمما ئۇنى يادلاپ قويۇش بىلەن، يىلدا رامىزان ئېيىدا تەراۋىھ نامىزىدا خەتمە قىلىپ قويۇشلا كۇپايە ئەمەس. ئەرەبلەر «قۇرئان كەرىم»نى يادقا ئېلىپ، مەنىسىنى بىلىپ، ئۇنىڭ قانۇن-پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ئۇنى تىلى، دىلى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ياشناتقان ئادەمنى «ھامىلۇل قۇرئان» يەنى «قۇرئاننى كۆتۈرگۈچى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ كۆتۈرۈش قۇرئاننى يادلاپ مېڭىدە ساقلاپ نەگە بارسا شۇ يەرگە كۆتۈرۈپ بېرىش ئەمەس، بەلكى ئۇ قۇرئاننىڭ تېكىستىنى، مەنىسىنى، قانۇن-پىرىنسىپلىرىنى، ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى ئەمر-پەرمانلىرىنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، ئاۋۋال ئۆزىگە يەرلەشتۈرۈپ، ئاندىن كىشىلەرگە يەتكۈزۈش، ئۇلارغا ئۆگىتىش دېگەنلەرنى تەقەززا قىلىدىغان كۆتۈرۈشتۇر. بۇ كۆتۈرۈش قۇرئاننى يادلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆگەنمىگەنلەرنى ياكى ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلمىغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى «ھامىلۇل قۇرئان» دېگەن ئۇنۋان كاتتا ئۇنۋان بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ «قارىم»، «قاراخۇنۇم» ۋە «قارىھاجىم» دېگەن ئۇنۋانلىرىمىزدىن ئەلۋەتتە چوڭ.

«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن تۇمار قىلىپ بويۇنلارغا ئېسىۋېلىش، كېسەللىكلەرنى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن داۋالاش دېگەنلەر ساھابىلارنىڭ زاماندا بولۇپ باقمىغان غەلىتە ئىشلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە «ئى ئىنسانلارنىڭ رەببى! كېسەلگە شىپالىق بەرگىن، سەندىن باشقا شىپالىق بەرگۈچى يوقتۇر، سېنىڭ شىپايىڭ بىلەن كېسەل قالمايدۇ» دەپ دۇئا قىلىشنى، فاتىھە، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ ئاللاھ تائالادىن شىپالىق تىلەش... قاتارلىقلارنى تەلىم بەرگەن خالاس. ئەمما ساھابىلاردىن ياكى ئۇلاردىن كېيىنكىلەردىن كېسەللەرنى ئايەت بىلەن داۋالاش ئۈچۈن شىپاخانا ئاچقانلار بولمىغان. چۈنكى «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىغا مەنىۋى شىپادۇر. جىسمانىي كېسەللەردىن شىپا تېپىشنىڭ چارىسى دوختۇرغا مۇراجىئەت قىلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شىپالىق پەقەت ئۈچ نەرسىدىدۇر. ئۇلار: ھەسەل يېيىش، قان ئالدۇرۇش ۋە داغلاشتۇر» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قالدىم دەپ كەلگەن بىرىنى ئايەت ئوقۇپ سۈپلەشكە ياكى سۇغا ئوقۇپ ئىچىشكە ياكى تۇمار ئېسىشقا بۇيرۇغان ئەمەس. بەلكى كېسەللەرنى تېۋىپلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا بۇيرۇغان. شۇ ۋاقىتتا مەدىنىدە ھارىس ئىبن كەلدە ئىسىملىك بىر تېۋىپ بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن كېسەل بولۇپ قالغانلارنى شۇ تېۋىپقا بېرىشقا بۇيرۇيتتى. مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم» دىكى: «بۇ (قۇرئان)

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن بىر يولباشچى ۋە شىپادۇر»[1] دېگەن ئايەت «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ قەلبلەرگە شىپا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر ئايەتتە ئوچۇقراق قىلىپ: «ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ئۆگۈت بولغان، دىللاردىكى (كېسەللىكلەر) ئۈچۈن شىپا بولغان، مۆئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان قۇرئان كەلدى»[2] دېيىلگەن. دېمەك، «قۇرئان كەرىم»نىڭ شىپالىقى مەنىۋى شىپالىق بولۇپ، دىللاردىكى شەك-شۈبھە، نادانلىق، ئازغۇنلۇق قاتارلىق مەنىۋى كېسەللىكلەرنى داۋالايدۇ.

ئەگەر ئاۋۋالقى ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلار كېسەللىرىنى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى بىلەن داۋالاش يولىنى تۇتۇپ، سەۋەب قىلمىغان بولسا، ئىسلام ھەزارىتىدە تېبابەتنىڭ ئورنى بولمىغان ۋە دۇنياغا مەشھۇر مۇسۇلمان مېدىتسىنا ئالىملىرىمۇ مەيدانغا كەلمىگەن بولار ئىدى. ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلاردىن چىققان ئالىملارنىڭ تولىسى دىن ۋە پەن ھەر ئىككى جەھەتتىن يېتىشكەن كىشىلەر ئىدى. مەسىلەن: ئىبنى رۇشد دىنىي ئىلىمدە يېتىشكەندەك دوختۇرلۇقتىمۇ يېتىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ دىنىي ئىلىم ساھەسىدە «بىدايەتۇل مۇجتەھىد» دېگەن كىتابى، مېدىتسىنا ئىلىمىدە «مېدىتسىنادا ئاساس» ناملىق كىتابى دۇنياغا تونۇلغان. ئاتاقلىق مۇپەسسىر فەخرۇددىن رازى ئەينى ۋاقىتتا مېدىتسىنادا پېشۋا ئىدى. ئىبنى نەفىس مېدىتسىنادا قان ئايلىنىش مەركەزلىرىنى كەشىپ قىلغان بولسا، شافىئىي فىقھى ساھەسىدە نۇرغۇن مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. چۈنكى ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەرىكىتى ئۇنى سۇغا ئوقۇپ ئىچىش ياكى كېسەلگە سۈفلەش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ روھىغا ئەگىشىش، ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى ھاياتىغا تەتبىق قىلىش بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. كاشكى، ھازىرقى مۇسۇلمانلار بۇنى چۈشەنسە ئىدى.

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى 44-ئايەت

[2] يۇنۇس سۈرىسى 57-ئايەت

## دۇئا مۆئمىننىڭ قورالى

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دۇئا مۆئمىننىڭ قورالى، دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، ئاسمان-زېمىننىڭ نۇرى.»

دۇئانىڭ بالا-قازالارغا قارىتا مۇنداق ئۈچ دەرىجىسى بولىدۇ

1. دۇئا بالا-قازادىن كۈچلۈكرەك بولسا، ئۇنى چېكىندۈرەلەيدۇ.

2. دۇئا بالا-قازادىن ئاجىز كەلگەن بولسا، ھېلىقى ئادەمگە بالا قازا كېلىدۇ. لېكىن دۇئا ئاجىز بولغان تەقدىردىمۇ بالا-قازانى يەڭگىللىتىدۇ.

3. دۇئا ۋە بالا-قازا ئۆزئارا قاتتىق تىركىشىدۇ. بىر-بىرىدىن مۇداپىئە ھالەتتە تۇرىدۇ. (دۇئا دۇئا قىلغۇچىنى بالا-قازادىن ھىمايە قىلىدۇ، بالا-قازا ھېلىقى ئادەمنى دۇئادىن توسماقچى بولىدۇ-دە، دۇئا بىلەن بالا-قازا ئوتتۇرىسىدا كۈچ سىنىشىش ھالىتى شەكىللىنىدۇ).

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئېھتىيات تەقدىرنى چېكىندۈرەلمەيدۇ. دۇئا يۈز بەرگەن ۋە يۈز بەرمىگەن تەقدىرلەرگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. شۈبھىسىزكى، بالا-قازا يۈز بېرىپ دۇئا بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇ ئىككىسى تا قىيامەتكىچە ئۆزئارا كۈرەش قىلىدۇ.»

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دۇئا يۈز بەرگەن ۋە يۈز بەرمىگەن تەقدىرلەرگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، ئۇنداقتا دۇئاغا ئەھمىيەت بېرىڭلار!.»

(يۇقىرىقى ھەدىسلەرنى ھاكىم رىۋايەت قىلغان)

بۇ مەزمۇنلار «ئەلجەۋابۇل كافىي»دىن ئېلىندى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





## ھاراق ئىچكەن كىشىنىڭ قىرىق كۈنگىچە نامىزى قوبۇل بولمامدۇ؟

پەتىۋادا: دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئۇستاز! بىر سوئالىم بار ئىدى. بىر بۇرادىرىمىز مەسچىتكە كېتىۋاتقاندا ئىككەيلەننىڭ «ھاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ قىرىق كۈنلۈك نامىزى مەقبۇل بولمايدۇ» دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەسچىتكە كېلەي دەپ قالغان ھېلىقى بۇرادەر «ھەر قانچە ناماز ئۆتىگىنىم بىلەن بەرىبىر قوبۇل بولمايدىكەنغۇ» دەپ ئويلاپ كەينىگە ئۆرۈلۈپلا قايتىپ كېتىپتۇ. مەن بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم، ئۇنداقتا ھاراق ئىچىپ قويغان كىشىلەر قىرىق كۈنگىچە ناماز ئۆتىمەسلىك كېرەكمۇ؟ مۇشۇ ھەقتە تەپسىلىي چۈشەنچە بەرگەن بولسىلا! (ئاللاھ سىلىدىن رازى بولسۇن)

ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ!

بارلىق ھەمدۇ-سانا ئاللاھ تائالاغا بولسۇن، شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىزگە، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭغا تاكى قىيامەتكىچە ئەگەشكەنلەرگە دۇرۇت-سالاملار بولسۇن.

ئاللاھ تائالا ئىنسانغا زېمىندا ئىزباسارلىق قىلىش، سىناقتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈش، تاپشۇرغان ئامانەتنى ئادا قىلىش، شۇنداقلا دۇنيادىكى سەپىرىدە ئىنسانغا يېتەكچىلىك قىلىش، تۈرلۈك خاتالىقلاردىن، ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىشتىن توسۇپ، توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئەقىلنى بىر نېئمەت سۈپىتىدە ئاتا قىلغان ۋە ئەقىلنى ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنىشنىڭ شەرتى ۋە شەرىئەتتە قوغدىلىدىغان دىن، جان، مال-مۈلۈك، ئىپپەت-نومۇس ۋە ئەقىلدىن ئىبارەت بەش چوڭ ئاساسنىڭ بىرى قىلغان. شەرىئەتتە ئەقىلنى قوغداش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ماددىي ۋە مەنىۋى جازالار ئەقىلنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا دىنىنىمۇ قوغدايدۇ. چۈنكى، ئەقىل ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنىشنىڭ شەرتى.

بەزى كىشىلەر ئادەمىي ۋە جىننىي شەيتانلارنىڭ چىرايلىق كۆرسىتىشى بىلەن ئەقىلنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ۋىجداننىڭ كونتروللۇقىدىن بوشىنىپ، بارلىق رەزىللىكنىڭ ئانىسى بولغان ھاراققا يېقىنلىشىپ قالدۇ ۋە ئاقىۋەتتە ئۇنىڭغا خۇمار بولدۇ.

ئىنساننىڭ ئۆز ئەقلىنى زىيانغا ئۇچرىتىشى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىكى ئاجىزلىق ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، ناۋادا ئۇ رېئاللىقتىكى تۈرلۈك خىرىسلارغا دۇچ كەلگەندە قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ۋە مۇۋاپىق چارە-تەدبىر كۆرۈش ئۈچۈن پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ ئورنىغا ھاراق ياكى زەھەرلىك چېكىملىك ئارقىلىق ھايات قىيىنچىلىقلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشىدۇ. نەتىجىدە ئىنسان زېمىندىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالماي قالدۇ. شۇڭا ئىسلام شەرىئىتى ئاۋۋال ئىسلامىي جەمئىيەتنى بىرقانچە باسقۇچتا ھاراقتىن ئۈزۈل-كېسىل تازىلىغان، ئاندىن ھاراقنى ھارام قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى زىنا ۋە ئوغرى-

بۇلاڭچىلىقتەك چوڭ گۇناھلار قاتارىغا تىزىپ، بىراۋنىڭ مۇئمىنلىك ھالىتىدە بۇ جىنايەتلەرنى سادىر قىلمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «زىنا قىلغۇچى مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلمايدۇ، ئوغرى مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ئوغرىلىق قىلمايدۇ، ھاراقكەش مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ھاراق ئىچمەيدۇ، بۇلاڭچى باشقىلارنىڭ قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ تارتىۋالمايدۇ».[1]

يەنە بىر ھەدىستە ھاراقكەشلىكنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشىنى قىيامەت قايىم بولۇشىنىڭ ئالامەتلىرى قاتارىدا سانىغان: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىلىمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، جاھالەتنىڭ يىلتىز تارتىشى، ھاراقكەشلىكنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشى، زىنانىڭ ئەۋج ئېلىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر».[2]

ئىسلام شەرىئىتى يەنە ھاراق ئىچىش ۋە ئۇنىڭ تىجارىتىنى قىلىشنى ھارام قىلىپلا قالماي، ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئون تۈرلۈك كىشىگە لەنەت قىلغان: ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاراققا ئالاقىدار ئون تۈرلۈك كىشىگە لەنەت ئېيتقان. ئۇلار: ھاراق ياسىغۇچى، ياساتقۇچى، ئىچكۈچى، كۆتۈرگۈچى، كۆتەرتكۈچى، تەقدىم قىلغۇچى، ساتقۇچى، پۇلنى يىگۈچى، سېتىۋالغۇچى، ئارىدا ۋاستىچىلىق رول ئوينىغۇچى قاتارلىقلار.»[3]

ھاراقنىڭ يولىنى پۈتۈنلەي تاقىۋېتىش ئۈچۈن شەرىئەت مەست بولىدىغان دەرىجىدە ئىچىشنىلا ھارام قىلماي، ئازغىنە ئىچىشنىمۇ ھارام قىلىۋەتكەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەست قىلىدىغان ھەرقانداق ئىچىملىك ھارامدۇر، بىر فەرەق[4] ئىچىمگىچە مەست قىلمايدىغان ئىچىملىكتىن بىر يۇتۇم ئىچىشمۇ ھارام» دېگەن.[5]

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەست قىلىدىغان ئىچىملىكنىڭ ھەرقاندىقى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن ھارامدۇر» دېگەن.[6] شۇنىڭدەك يەنە ھاراقنى دورا سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىشتىنمۇ توسقان.

تارىق ئىبنى سۇۋەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھاراق ياساش ھەققىدە سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى ئۇ ئىشتىن توستى. مەن:

— ئۇنى دورا قىلىش ئۈچۈن ياسايمەن، — دېۋىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇ دورا ئەمەس، بەلكى كېسەلنىڭ دەل ئۆزىدۇر، — دېدى.[7]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاراق توغرىسىدا: «ئاللاھ كېسەللىكلەرنىڭ شىپاسىنى سىلەرگە ھارام قىلغان نەرسىلەردە قىلمىغان» دېگەن.

بۇنىڭدىن ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھاراققا مۇناسىۋەتى بار بارلىق يوللارنى تاقىۋېتىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. «قۇرئان كەرىم»مۇ ھاراقنى بۇتپەرەسلىك، قىمار ۋە شېرىك قىلمىشلار بىلەن بىر قاتاردا تىزىپ، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇغان: «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ھاراق، قىمار، تىكلىگەن تاشلار ۋە پال ئوقلىرى شەيتاننىڭ ئىشىدىن بولغان پاسكىنىلىقتۇر. شۇڭا نىجاتلىق تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇلاردىن يىراق بولۇڭلار.»[8]

بۇ ئىلاھىي چاقىرىقنى ئاڭلىغان ھامان ساھابە

1 سەھىھەين: بۇخارى 2475-ھەدىس، مۇسلىم: 57-ھەدىس

2 سەھىھەين: بۇخارى 80-ھەدىس، مۇسلىم 2671-ھەدىس

3 «سۇنەنى تىرمىزى» 1295-ھەدىس ئالبانى «ھەسەن، سەھىھ» دېگەن

4 فەرەقنىڭ سىغىمچانلىقى ئۈچ ساغا يېقىن كېلىدۇ يەنى 65 كىلوگرام

5 «سۇنەنى تىرمىزى» 1865-ھەدىس ئالبانى «سەھىھ» دېگەن

6 «سۇنەنى تىرمىزى» 1865-ھەدىس ئالبانى «ھەسەن» دېگەن

7 «سەھىھ مۇسلىم» 1984-ھەدىس

8 مائىدە سۈرىسى 90-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىراملار هاراقتىن ئۇزۇل-كېسىل قول ئۈزگەن ۋە نۇرغۇن پايدا ئېلىنىۋاتقان تىجارەتچىلەرمۇ هاراق تىجارىتىنى تاشلىغان. دېنغا راستچىللىق بىلەن كىرگەنلەر ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ لەنەتكە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن ئىقتىسادىي زىيان تارتىشقا قارىماي ئۆلكىدىكى هاراقلارنىڭ هەممىنى تۆكۈۋەتكەن. تۆكۈۋېتىلگەن هاراقلار مەدىنە كوچىلىرىدا ئاققان. هاراقنى چەكلىگەنلىك خەۋىرى ئۆيدىن-ئۆيگە يۆتكىلىپ بىر نەچچە سائەت ئىچىدە پۈتۈن مەدىنە ئاهالىسى هاراق ئىچىشنى تاشلاپ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغان. بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى هاراققا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆرەش ۋە تارىخىي بىر مۆجىزە بولۇپ قالغان.

يەنە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەۋرىدىكى ئىنچىكە تەپسىلاتلارنى قويماي بايان قىلغان تارىخشۇناسلارنىڭ بايان قىلىشىچە ئاشۇ ئېسىل دەۋردە هاراق ئىچىپ جازاغا تارتىلغانلارنىڭ سانى يەتتە كىشىدىن ئاشمىغان.(1) بۇنىمۇ بىر مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئەبۇ تەلھەنىڭ قورۇسىدا سورۇندىكىلەرگە ساقىيلىق قىلىۋاتاتتىم. ئۇلار شۇ كۈنى (خورمىنىڭ غورىسىدىن تەييارلانغان) فەزىخ هارىقى ئىچكەن ئىدى. شۇ ئەسنادا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر جاكارچىنى: «ئاگاھ بولۇڭلار، هاراق هارام قىلىندى» دەپ جاكارلاشقا بۇيرىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تەلھە ماڭا: هاراقلارنى ئېلىپ چىقىپ تۆكۈۋەت، دېدى. مەن چىقىپ ئۇنى تۆكسەم، مەدىنىنىڭ كوچىلىرىدا ئاقتى.(2)

هاراقنىڭ زىيىنى چوڭ بولغاچقا، ئىسلام ئۇنى جەمئىيەتتىن يوقىتىشتا باشقا چوڭ گۇناهلارنى چەكلەشتە قوللانغان ئۇسۇللاردىن پەرقلىق هالدا بىر قانچە باسقۇچلۇق ئالاھىدە ئۇسۇل قوللىنىپ، ئالدى بىلەن ئەرەبلەرمۇ ئېتىراز بىلدۈرمەيدىغان شەكىلدە هاراقتا ئازراق مەنپەئەت بارلىقى كۆرۈنسىمۇ ئۇنىڭدا چوڭ گۇناھ بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئاندىن كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتىنى رەتكە سېلىپ، هاراق ئىچىش ۋاقىتنى تارايتىش ئارقىلىق، سەگەك تۇرغان چاغ بىلەن مەستلىك چاغلارنىڭ پەرقىنى ئايرىپ هېس قىلىش پۇرسىتى بەرگەن. بۇ ئىككى باسقۇچ هاراقنى چەكلەشكە ئۇل تەييارلىغان. نەتىجىدە هاراقنىڭ ئېغىر زىيىنى كۆزىگە كۆرۈنگەن كۆپ مۇسۇلمانلار هاراقنىڭ هارام قىلىنىدىغانلىقىدا شەك قىلمىغان ۋە هارام قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلغان. هاراقنى هارام قىلغان ئىلاهىي بۇيرۇق نازىل قىلىنغىنىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسىدە بۇنىڭغا قارىتا ئالدىن تەييارلىق بولغاچقا دەرهال تاشلىيالىغان.

دەۋرىمىزدە هاراقنىڭ زىيىنىنى ئېغىر تارتىۋاتقان دۆلەتلەر قۇرئاننىڭ هاراق چەكلەش باسقۇچلىرىنى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساهابە كىراملارنىڭ ئىلاهىي بۇيرۇقنى قانداق ئىجرا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ مۆجىزىنى چوڭقۇر تەتقىق ۋە تەهلىل قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى هاراق تاشلاتقۇزۇش چارە-تەدبىرلىرىنى ئىزدىشى، شۇنداقلا ئىسلامنىڭ ئەقىدە ۋە ئەخلاق تۈزۈملىرىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى هەل قىلالايدىغان بىردىنبىر شىپالىق دورا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

هاراق نېمىدىن ياسىلىشىدىن قەتئىينەزەر نورمال ئەقلىي تەپەككۇرغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. دەۋرىمىزدىكى هەر خىل ناملاردا ئاتىلىۋاتقان مەست قىلغۇچى ئىچىملىك، تاماكا، چېكىملىك قاتارلىق بارلىق نەرسىلەر هۆكۈم جەھەتتە هاراق بىلەن ئورتاق. چۈنكى، يۇقىرىقىلارنىڭ هەممىسى هاراق بىلەن ئوخشاش ئىنساننىڭ ئەقلىنى بۇلغىغۇچى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن بەدەنگە زىيان سالغۇچى نەرسىلەردۇر.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما مۇنداق دېگەن: مەن (ئاتام) ئۆمەرنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبىرىدە تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئى خالايىق، هاراقنى هارام قىلىدىغان ئايەت چۈشكەن چاغدا هاراق ئۈزۈم، خورما، هەسەل، بۇغداي ۋە ئارپىدىن ئىبارەت بەش نەرسىدىن ئىشلىنەتتى. دېمەك، ئەقىلنى پەردىلەيدىغان هەرقانداق نەرسە

---

[1] دوكتور مۇھەممەد سەلىيم ئەلئەۋۋانىڭ «ئىسلامدا جازا نەزەرىيىسى» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن

[2] سەھىھەين: بۇخارى 2464-ھەدىس مۇسلىم: 1980-ھەدىس

ھاراقتۇر».[1]

ئىمام ئەينى مۇنداق دەيدۇ: «يۇقىرىقى جۈملە ئومۇمنى ئىپادىلەيدىغان «ھەرقانداق دېگەن» لەۋزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. دېمەك، مەيلى ئۈزۈم، كىشمىش ياكى تۇرلۇك دانلاردىن ئىشلەنگەن بولسۇن ياكى كوكۇس، كەندىر، كۆكنار قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئىشلەنگەن بولسۇن ئەقىلنى يوقىتىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھاراقتۇر. بۇلارنىڭ ھەرقاندىقى مەست قىلسا ھارام بولىدۇ.»[2]

ھاراقنى ھارام قىلىشتىن مەقسەت ئېنىق. ئۇ بولسىمۇ جانابى ئاللاھ ئىنسانغا ئەقىلنى ئاتا قىلدى. مەستلىك ئەقىلنىڭ رولىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان بولغاچقا، ئۇنى بىكار قىلغان نەرسە ھارام قىلىنغان. ھاراقنىڭ زىيىنىنىڭ ئېغىرلىقىدىن بەزى كاپىر دۆلەتلەرمۇ ھاراقنى چەكلىگەن ۋە ئاق چېكىملىك تىجارىتى قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن.

ئىسلام شەرىئىتىدە ھاراق ئىچكەنلەر تەزىر ئۇرۇلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاراق ئىچكەنلەرنى تەزىر بىلەن ساۋىغان. خەلىپە ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاراق ئىچكۈچىنىڭ جازاسىنى قىرىق دەررە قىلىپ بېكىتكەن. كېيىنكى خەلىپىلەر 80 دەررە ئۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆرگەن. مەيلى نېمە ئىچىشتىن قەتئىينەزەر مەست بولغان بولسا، ئۇنىڭغا بەلگىلەنگەن جازا بېرىلىدىغانلىقىدا، ھاراقتىن ئازغىنە ئىچسىمۇ مەست بولسۇن بولمىسۇن ئوخشاشلا بەلگىلەنگەن جازا بېرىلىدىغانلىقىدا ئۆلىمالار بىردەك ئىتتىپاق.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام ھاكىمىيىتى ھاراقنىڭ جەمئىيەتتە ئەۋج ئېلىپ كېتىش دەرىجىسىگە قاراپ جازانى قىرىق دەررىدىن سەكسەن دەررىگە كۆتۈرۈش ئارقىلىق تەدبىر قوللانسا بولىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئىسلامدا ھاراق ئىچىشنىڭ جازاسى زىنا ۋە ئوغرىلىقتەك جىنايەتلەرنىڭ جازالىرىغا سېلىشتۇرغىنىمىزدا بەكلا يەڭگىل بولسىمۇ، بىراق ئىسلامنىڭ ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن نەپرەتلەندۈرۈشى ھەممىدىن قاتتىق بولغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئىنسان مەست بولۇپ قالسا قالايمىقان سۆزلەيدۇ، باشقىلارغا تىل-ھاقارەت قىلىدۇ. يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن زىنا قىلىشىمۇ، باشقىلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭ ئەقلى كونتروللىقنى يوقىتىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئىسلام ھاراق ئىچىشكە ماددىي جازا بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماي مەنىۋى جازامۇ بېكىتكەن. ھاراقنىڭ مەنىۋى ياكى ئاخىرەتتىكى جازاسى ھەدىستە مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «دۇنيادا ھاراق ئىچىپ تەۋبە قىلمىغان ئادەم، ئاخىرەتتە (جەننەتنىڭ ئېسىل شارابلىرىدىن) مەھرۇم قىلىنىدۇ».[3]

يەنە بىر ھەدىستە خۇددى يۇقىرىدا سوئال سورىغان قېرىندىشىمىز ئېيتقاندەك ھاراق ئىچكەن كىشىنىڭ قىرىق كۈن نامىزى قوبۇل بولمايدىغانلىقىمۇ بايان قىلىنغان: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھاراق ئىچسە قىرىق كۈنگىچە نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. قايتا ئىچسە، يەنە قىرىق كۈنگىچە ئاللاھ ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. يەنە ئىچسە، ئاللاھ يەنە قىرىق كۈنگىچە ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. تۆتىنچى قېتىم قايتا ئىچسە، ئاللاھ يەنە قىرىق كۈنگىچە ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ. تەۋبە قىلسىمۇ، تەۋبىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئۇنى (باقىي ئالەمدە) ‹نەھرۇلخەبال›دىن سۇغىرىدۇ». بىرەيلەن ئىبنى ئۆمەردىن:

— ئى ئەبۇ ئابدۇراھمان! نەھرۇلخەبال دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

— نەھرۇلخەبال دېگەن، دوزاخ ئەھلىنىڭ قان-يىرىڭلىرى ئاقىدىغان ئۆستەڭ، - دەپ جاۋاب

[1] سەھىھەين: بۇخارى 4619-ھەدىس مۇسلىم: 3032-ھەدىس

[2] سەھىھەين: بۇخارى 4619-ھەدىس مۇسلىم: 3032-ھەدىس

[3] ئۇمدەتۇل قارى 221/18

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەردى.[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئۇممىتىمدىن بىر ئادەم ھاراق ئىچىپ قالسا ئاللاھ ئۇنىڭ قىرىق كۈنلۈك نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ».[2]

مەزكۇر ھەدىسلەر سەھىھ بولۇپ ھاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ نامىزىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىغا دەلىل بولالايدۇ. بۇ ھەقتە ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن بىر قانچە قاراشلىرى بار:

1. مەست ھالەتتە ناماز ئوقۇسا نامىزى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. كېيىن قازاسىنى ئوقۇيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ: (ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مەست ھالىتىڭلاردا، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە، يەنە جۇنۇب بولساڭلار، (يول ئۈستىدە بولغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) غۇسلى قىلمىغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار.)[3] دېگەن ئايىتىمۇ شۇنى كۆرسىتىدۇ.

2. ھاراق ئىچكەن ئادەم تەۋبە قىلىپ قايتا ئىچمەسلىككە بەل باغلىغان بولسا، تەۋبىسى ئۇنىڭ گۇناھىنى يۇيۇۋېتىدۇ. نامىزى مەقبۇل بولىدۇ. كېيىن قازاسىنى قايتا ئوقۇشقا بۇيرۇلمايدۇ.

3. مەستلىكى يېشىلگەن چاغدا ناماز ئوقۇسا قىرىق كۈندىن كېيىن قازاسىنى قايتا ئوقۇشقا بۇيرۇلمايدۇ.

4. تەۋبە قىلمىغان تەقدىردە ناماز ئوقۇسۇن ياكى ئوقۇمىسۇن ھاراق ئىچكەنلىك سەۋەبىدىن لەنەتكە ئۇچرايدۇ.

ئەمدى يۇقىرىقى ھەدىستىكى ھەر خىل تەھلىل قىلىنغان نۇقتا «قوبۇل قىلمايدۇ» دېگەن سۆزدىكى «قوبۇللۇق» مۇكەممەللىكنى كۆرسىتەمدۇ؟ دېگەندە، ئالىملاردىن ئىمام نەۋەۋى، ئىمام قەرافى ۋە ھافىز ئىبنى ھەجەر قاتارلىق كۆپچىلىك بۇنى مۇنداق تەھلىل قىلغان:

«ھاراق ئىچكەن كىشىدىن قىرىق كۈن ناماز قوبۇل بولمايدىغانلىقتىن مەقسەت ساۋابقا ئېرىشەلمەسلىك. لېكىن نامازنىڭ ئادەتتىكى شەرت ۋە ئەركانلىرى تولۇق بولسا پەرزنى گەدىنىدىن ساقىت قىلىدىغان دەرىجىدە قوبۇل بولىدۇ، شۇڭا ئۇ قايتا ئوقۇشقا بۇيرۇلمايدۇ.»

ئىمام قەرافى مۇنداق دەيدۇ: «قوبۇل بولۇش دېگەن ئىبادەتنىڭ توغرا بولۇش ۋە گەدەندىن ساقىت بولۇشتىن باشقا نەرسىدۇر. چۈنكى قوبۇل بولۇش دېگەن ئەمەلگە ساۋاب بېرىلىشتىن ئىبارەت. گەدەندىن ساقىت بولۇش بىلەن ئەمەلنىڭ توغرا بولۇشى بولسا، جازانىڭ بىكار قىلىنىشىدۇر.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قوبۇل بولۇش بىزگە نىسبەتەن غەيب ئىش بولغاچقا، بۇ ھەقتە بىز ھۆكۈم چىقىرالمايمىز. ئۇسۇلى فىقھى ئالىملىرى بۇنى ئىبادەتنىڭ سۈپىتى تەرىقىسىدە تەتقىق قىلىپ توختالمىغان.»[4]

بۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ھەدىسلەردە نامازنى تىلغا ئالغانلىقى نامازنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەت بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. يەنى ئۇنداق كىشىدىن ناماز قوبۇل بولمايدىغان بولسا، ھەرقانداق ئىبادەت قوبۇل بولماسلىقى تۇرغانلا گەپ. لېكىن مەزكۇر ھەدىس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسلەردىكى «قوبۇل بولمايدۇ» دېگەن ئىبارىلەر ھاراقتىن توسۇش ئۈچۈن قورقۇتۇپ ۋە ھاراقنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتىلغان ئىبارىلەردۇر. چۈنكى ئۇ نامازنى شەرت ۋە ئەركانلىرى بىلەن ئادا قىلغان تەقدىردە پەرز گەدىنىدىن ساقىت بولىدۇ، لېكىن ھاراق ئىچىشتەك پاسىقلىق ناماز ۋە باشقا ئىبادەتلەرنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى توسۇپ قويىدۇ. چۈنكى ھەر بىر تائەت ـ ئىبادەتنىڭ «پەرزنى ئادا قىلىش» ۋە «ساۋابقا ئېرىشىش»تىن ئىبارەت ئىككى تەرىپى بار. شۇڭلاشقا يۇقىرىقىدەك ھەدىسلەردە ساۋابقا ئېرىشەلمەسلىك قوبۇل بولماسلىق دەپ

[1] «سۇنەنى تىرمىزى» 1862 ـ ھەدىس تىرمىزى «ھەسەن» دېگەن دېگەن ئالبانى «سەھىھ» دېگەن

[2] «مۇسنەدى ئەھمەد» 6854 ـ ھەدىس، «نەسائى» 5664 ـ ھەدىس ئالبانى «سەھىھ» دېگەن

[3] «نىسا» سۈرىسى 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[4] «نەفائىسۇل ئۇسۇل» 1/230 ـ 329

ئىبادىلەنگەن.[1]

مەزكۇر ئالىملار «ئىبادەت توغرا شەكىلدە ئادا قىلىنغاندا ساۋاب بېرىلىدۇ. بۇيرۇققا ئەمەل قىلىش يۈزىسىدىنلا ئادا قىلىنسا گەدەندىن ساقىت بولىدۇ» دەپ قارىغان. دېمەك، ئۇلار توغرا ۋە مۇكەممەل قىلىنغان ئىبادەت بىلەن گەدەندىن ساقىت قىلىش ئۈچۈنلا قىلىنغان ئىبادەتنى ئايرىپ مۇئامىلە قىلغان. يەنى «ئىبادەت گەدەندىن ساقىت بولىدۇ-يۇ، ئەمما ساۋابىغا ئېرىشىدىغان دەرىجىدە كامىل بولمايدۇ». بۇ بىر خىل تەئۋىل قىلىش بولۇپ، بۇنىڭغا كۆرە هاراق ئىچكەن كىشى مەستلىكى يېشىلگەندە نامازنى ئادا قىلىشى ۋاجىپ. نامازنى ئادا قىلسا ساۋاب بېرىلمىگەن تەقدىردىمۇ پەرزنى گەدىنىدىن ساقىت قىلىش ئارقىلىق نامازنى تەرك قىلغانلىقنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. يەنى ساۋاب بېرىلمەسلىكى هاراق ئىچكەنلىكىنىڭ مەنىۋى جازاسى هېسابلىنىدۇ. بۇلار قىرىق كۈن دەپ بېكىتىشنى ئىچكەن هاراقنىڭ تەسىرى بەدىنىدە شۇنچىلىك مۇددەت قالىدىغان بولغاچقا شۇنداق قىرىق كۈن بېكىتكەن دېگەن.

لېكىن بۇلار تۈرلۈك مەئسىيەتلەر سەۋەبىدىن «نامىزى قوبۇل بولمايدۇ» دەپ كەلگەن هەدىسلەرگە قارىتا نامىزى توغرا بولغان تۇرۇقلۇق قوبۇل بولمايدىغان ئەهۋاللار بىلەن نامىزى «سەهىه»مۇ بولماي، قوبۇلمۇ بولماي قالىدىغان ئەهۋاللارنى ئايرىيدىغانغا ئېنىق بىر ئۆلچەم بېكىتمىگەن. چۈنكى داخانغا بېرىپ غەيبنى سورىغان كىشىدىن قىرىق كۈن ناماز قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى، ئولجىدىن ئوغرىلىغان مالدىن سەدىقە قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى، ئىگىسىدىن قاچقان قۇلدىن، ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت ساقلىغان قېرىنداشلاردىن، ئېرى نارازى هالەتتە ياتقان ئايالدىن، ئاياللارغا خاس گىرىم ئىشلەتكەن ئەردىن ناماز قوبۇل بولمايدىغانلىقى هەدىسلەردە بايان قىلىنغان.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار «ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى بىلەن توغرا بولۇشى بىر-بىرىگە چېتىشلىق. بىرى تېپىلسا يەنە بىرى چوقۇم تېپىلىدۇ، ئىبادەت سەهىهلا بولىدىكەن مەقبۇل بولىدۇ، قوبۇل قىلىنمىغان بولسا چوقۇم باتىل بولىدۇ» دەپ قارىغان. ئىمام ئىبنى ئەقىيل مۇشۇ قاراشنى قوللىغان.[2]

ئىمام شەۋكانىنىڭ نەقىل قىلىشىچە، ئىمام ئىبنى دەقىيق ئەلئىيد «قوبۇل قىلىنماسلىق توغرا ئەمەسلىكنى تەقەززا قىلمايدۇ» دەپ قارىغان ئالىملارنىڭ قارىشىغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «شەرئى قائىدىلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىبادەت بۇيرۇققا ئۇيغۇن ئادا قىلىنسا ساۋاب بىلەن مەرتىۋىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، گەدەندىن ساقىت قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. بۇ هەقتە ئېنىق بايان قىلىنغان نۇرغۇن ئايەت ۋە هەدىسلەر بار».[3]

بۇ قاراشقا ئاساسەن مۇنداق دېيىش مۇمكىن: «هاراق ئىچكۈچىنىڭ نامىزىنىڭ قوبۇل بولماسلىقى هاراق ئىچىشتىن ئىبارەت ئېغىر مەئسىيەتنىڭ توسالغۇ بولغانلىقىدىن بولۇپ، خۇددى ئولجىدىن ئوغرىلىغان مالنى سەدىقە قىلسا توغرا بولمىغاندەك، مەئسىيەتلەرنىڭ تائەتنىڭ توغرا بولۇشىنى توسۇپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ. بۇ، هاراق ئىچىشنىڭ قىرىق كۈنگىچە نامازنىڭ توغرا بولۇشىنى توسۇپ قويىدىغان دەرىجىدە ئېغىر گۇناهلىقىنى، هەر قانداق مۇسۇلماننىڭ نامىزىنى قىرىق كۈن بىكار قىلىدىغان بۇنداق قىلمىشنى قەتئىي قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە هاراق ئىچكەن كىشى هاراق ئىچكەندە مۇئمىن هالەتتە بولمايدىغانلىقى هەققىدىمۇ سەهىه هەدىس بار. بۇنىڭدىن ئىچكەن ۋاقىتتا هاراق ئىچىش ئىماننى كۆتۈرۈۋېتىپلا قالماي، قىرىق كۈنگىچە نامازنىڭ توغرا بولۇشى ۋە قوبۇل بولۇشىغا توسالغۇ بولىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇنىڭدا مۇسۇلمان كىشىگە قارىتا قاتتىق ئاگاهلاندۇرۇش بولۇپ، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ بۇ تۈرلۈك هەدىسلەر قورقۇتۇش ۋە ئاگاهلاندۇرۇش تەرىقىسىدە قاتتىق ئىبارىلەر بىلەن كەلگەن دېگەن چۈشەنچىسى ئىككىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ چۈشەنچىسىگە بىر قەدەر يېقىن كېلىدۇ.

گەرچە «ئۇسۇلى فىقهى» تەتقىقاتى بويىچە

---

[1] «شەرهى سەهىهى مۇسلىم» 227/14، «ئۇمدەتۇل قارى» 2/ 244، «مەرقات» 213/7

[2] «ئەتتەهبىير شەرهۇتتەهرىير» 1103/3

[3] «نەيلۇل ئەۋتار» 234/1، «تارهۇتتەسرىيب» 189/2

ئىنچىكە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بىرەر قاراشنى كۆچكە ئىگە قىلىش ئۈنچە ئوڭاي بولمىسىمۇ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا «قوبۇل بولماسلىق توغرا بولماسلىقنىڭ ئۆزى» دېگەن قاراش مەيلى بۇ ئېغىر قىلمىشتىن قورقۇتۇش جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى تەئۋىل قىلىشقا موھتاج بولماسلىق جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى باشقا ئىمان كۆتۈرۈلۈپ كېتىش ھەققىدىكى ھەدىسلەرگە ماس كېلىش جەھەتتىن بولسۇن توغرىغا ئەڭ يېقىن دەپ قارىلىدۇ.

لېكىن بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ يازمىلىردا ھاراق ئىچىپ بېشىلگەندىن كېيىن تەۋبە قىلماستىن قىرىق كۈنگىچە ناماز ئوقۇسا ناماز بىكار بولىدىغانلىقى، قىرىق كۈندىن كېيىن ئاشۇ قىرىق كۈندە ئوقۇمىغان نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش-قىلماسلىقى ھەققىدە بىرەر مەلۇمات ئۇچراتمىدىم. ئەمما بۇلارنىڭ قارىشىنىڭ تەقەززاسى بويىچە: قىرىق كۈن ئىچىدە ناماز ئوقۇسا پايدىسى بولمايدۇ، قىرىق كۈندىن كېيىن قازا قىلمايدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ھاراق ئىچسە، لېكىن مەست بولمىسا، ئىچكەن ھاراق ئۇنىڭ بەدىنىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەنگە قەدەر ئاللاھ ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇ شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، كاپىر ھالدا ئۆلگەن بولىدۇ. ئەگەر ھاراق ئىچىپ، مەست بولغان بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ قىرىق كۈنلۈك نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئەگەر ئۇ شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، كاپىر ھالدا ئۆلگەن بولىدۇ».[1]

يۇقىرىقىدەك قاراشلارنى ساھابىلەر ئۆز رەيى بويىچىلا دەۋالمايدىغان بولغاچقا، بۇ مەزمۇنلارغىمۇ ھەدىسلەرنىڭ ئىزاھاتى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن ئاللاھنى تونۇپ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگەشكەن مۇسۇلمانلا بولىدىكەن ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە ئوخشاش ئەقىلنى بۇلغايدىغان نەرسىلەرگە يېقىن يولماسلىقى، ئىچىلىدىغان ۋە چېكىلىدىغان سورۇنلاردا ئولتۇرماسلىقى، ئاجىزلىق كۆرسىتىپ ئىستېمال قىلىپ قالغانلار تەۋبىسىز ھالەتتە دۇنيادىن كېتىپ قالماسلىق، نامازلىرىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن دەرھال تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىشى، مەغپىرەت تىلىشى، قايتا قىلماسلىققا بەل باغلىشى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تۈرلۈك چارە-تەدبىرلىرىنى ئېلىشى لازىم، شۇندىلا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھاراقتا يېقىن كەلمەڭلار. ھاراق دېگەن پۈتۈن بۇزۇقچىلىقنىڭ ئانىسى. سىلەردىن بۇرۇنقى بىر قەۋمدە بىر ئابىد ئۆتكەنىكەن، بىر ئازغۇن ئايال ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال دېدەكىنى ئەۋەتىپ، ئۇ ئابىدنى (بىر مەسىلىدە) گۇۋاھچى بولۇشقا چاقىرىپتۇ. ئابىدمۇ دېدەكنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كەپتۇ. ھەر دەرۋازىدىن ئۆتكەندە، دېدەك ئارقىسىدىن دەرۋازىنى تاقاپ مېڭىپتۇ. شۇنداق مېڭىپ بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۆيدە چىرايلىق بىر ئايال، يېنىدا بىر بالا، يەنە بىر تەرەپتە بىر كوزا ھاراق تۇرغىدەك. ئايال ئۇنىڭغا: قەسەم قىلىمەنكى، مەن سېنى گۇۋاھلىققا تارتىش ئۈچۈن چاقىرمىدىم. مەن سېنى يا مەن بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە ياكى بۇ ھاراقنى ئىچىشكە ۋە ياكى بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈشكە چاقىردىم، - دەپتۇ. (زىنا قىلىش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈشنى بەك چوڭ گۇناھ دەپ قارىغان) ئابىد (بۇ گۇناھلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن):

— ئۇنداقتا، مەن بۇ ھاراقتىن بىر قەدەھ ئىچەي، - دەپتۇ. بىر قەدەھ ئىچكەندىن كېيىن:

— يەنە بىر قەدەھ بېرىڭلار! - دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھاراقنى ئىچىپتۇ، ئارقىسىدىن ئۇ ئايال بىلەن زىنامۇ قىپتۇ، ھېلىقى بالىنىمۇ ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇڭا، ھاراقتىن بەك يىراق تۇرۇڭلار! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە ئىمان بىلەن ھاراق خۇمارى ھەرگىز بىللە تۇرالمايدۇ. چوقۇم يا ھاراق ئىماننى قوغلاپ چىقىرىدۇ ياكى ئىمان ئۇ ئادەمدىن ھاراق خۇمارىنى قوغلاپ چىقىرىدۇ.»[2]

(ئەڭ توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر)

[1] «نەسائى» 5668 - ھەدىس ئالبانى «سەھىھ» دېگەن

[2] «نەسائى» 5666 - ھەدىس ئالبانى «سەھىھ» دېگەن



# ئىسلامدا ئوتتۇراھاللىق چۈشەنچىسى

ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى

ئىسلام دىنى ئادالەتنى يادرو قىلغان، ھەر شەيئىگە چوڭقۇر ھېكمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان دىن بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئادىل بولۇشقا، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىشقا، ھەر ئىشتا ئوتتۇراھال يول تۇتۇشقا چاقىرىدۇ. ئوتتۇراھاللىق ئىسلامنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق، قانۇن ـ تۈزۈم ۋە مۇئامىلە قاتارلىق ھەممە تەرەپلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئىنساني تەبىئەت نۇقتىسىدىن قىلىپ ئېيتقاندىمۇ ئوتتۇراھاللىق تولىمۇ قوبۇللىنىشچان بىر تېما. ھەر ئىشتا ئادىللىق، ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇش ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ھازىر دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دىن ۋە قانۇن ـ تۈزۈملەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلاردا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراش ئىللەتلىرىنىڭ ساقلانغانلىقىنى بايقايمىز. ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇراھاللىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەندى. ئەپسۇسكى، كېيىنكىلەر بۇنىڭغا سەل قاراپ چوڭ زىيانلارغا ئۇچرىدى.

ئىلگىرىكىلەر ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇسۇلمانلارنى ئىختىلاپ، بۆلۈنۈش ئاپەتلىرىدىن ساقلاشتا تايانغان «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىپ»نىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولغان ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىنى يوقىتىپ قويۇش بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ، ئىلگىرىكى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە سەلتەنەتلىرىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرى. ھازىر خەلقىمىز ئىچىدە ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىقنى ھەققىي چۈشىنىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇنى چۈشىنىدىغانلارمۇ باشقىلارنىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ «ئىسلامدا ئوتتۇراھاللىق» دېگەن تېمىدا سۆز ئېچىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ كەلمەكتە. چۈنكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى «ئوتتۇراھاللىق» دېگەن ئۇقۇمنى ياخشى بىلەن ناچار ياكى ھالال بىلەن ھارام ياكى بۇيرۇق بىلەن چەكلىمە ئوتتۇرىسىدا مۆتىدىل يول تۇتۇپ مېڭىش دېگەندەك چولتا مەنىدە ياكى باشقىچە ئىپادىلىگەندە «ئىلمانىلىق» (يەنى ھەر نەرسىگە سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ، خاراموشلارچە ھايات كەچۈرۈش) دەپ چۈشىنىۋالغان.

ئىنسانلار باشقىلارغا باھا بەرگەندە بولسۇن ياكى بىر ئىشنى ئىجرا قىلىشتا بولسۇن كۆپىنچە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراش ئىللەتلىرىدىن خالىي بولالمايدۇ. چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراش بولغان يەردە تەبىئىيكى تەڭپۇڭلۇق يوقالغان بولىدۇ. ئوتتۇراھاللىق تەڭپۇڭلۇقنىڭ كاپالىتى. تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان ھەرقانداق نەرسە ھامان ۋەيران بولىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى

uyghurkitap.com

ۋەيرانلىقتىن ساقلاش ئۈچۈن ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. لېكىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە توغرا يول تۇتۇپ ماڭغان خەلىپىلەر زامانىسىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ دىنىدا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراش ئىللەتلىرى كۈنسېرى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىسلامنىڭ روھىغا زىت ھەر خىل ئېقىملار پەيدا بولۇپ، مۇسۇلمانلار گەۋدىسى پارچىلاندى. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن دىن دۈشمەنلىرى تەرەپ-تەرەپتىن ھەرىكەتكە ئۆتۈپ مۇسۇلمانلار دىيارلىرىنى ئىشغال قىلدى. كۆپلىگەن ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى پارچىلانغان مۇسۇلمانلار گەۋدىسىنى بىرلەشتۈرۈش يولىدا كۆپ ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرى ئىشنى مۇسۇلمانلاردا يوقالغان ئوتتۇراھاللىق ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشتىن باشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەشكە باشلىدى.

ئۇنداقتا ئوتتۇراھاللىق زادى قانداق ئۇقۇم؟ ئۇنىڭ رېئال ھاياتتىكى ئىپادىلىرى قايسىلار؟ بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارغا قىزىقسىڭىز نەزىرىڭىز ماقالىنىڭ داۋامىدا بولسۇن!

## ئوتتۇراھاللىقنىڭ تەبىرى

ئەرەب تىلى قامۇسلىرىدا «ۋەسەت»، «تەۋەسسۇت»، «ئىئتىدال»، «قەسد» سۆزلۈكلىرىنىڭ ئاساسەن ئوتتۇراھاللىق دېگەن مەنىنى چۆرىدەپ كېلىدىغانلىقى زىكىر قىلىنغان.

«ۋەسەت» ئادالەت، ياخشى، ئەۋزەل دېگەن مەنىلەرگە ئىگە.

«تەۋەسسۇت» چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي ۋە سەل قارىماي ئوتتۇرىدا تۇرۇش، مۆتىدىل مەيداندا تۇرۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«ئىئتىدال» ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا لىللا تۇرۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«قەسد» توغرا پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنا ئاللاھ تائالانىڭ: «(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. (مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ) ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»[1] دېگەن سۆزىدە نامايان بولىدۇ.

«ۋەسەت» يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ھېكمەت دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، بۇ ھەر شەيئىنىڭ ئىللەت ۋە غايىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تونۇش، سۆز ۋە ھەرىكەتلەردە توغرىلىققا ئەھمىيەت بېرىش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۆلىمالار ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىق ئادالەت ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىشنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

««قۇرئان كەرىم»دە (تەشەببۇس قىلىنغان ئوتتۇراھاللىق» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى دوكتور ئەلى مۇھەممەد سەللابى مۇنداق دەيدۇ: «ۋەسەت» سۆزى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ:

1-ياخشى، ئەۋزەل ۋە ئادالەت مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

2-ئىككى ئەۋزەل شەيئىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جەۋھەر دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

3-ئىككى شەيئىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

4-ئېسىل بىلەن ناچار، ياخشى بىلەن يامان شەيئىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئۆلچەملىك نەرسىلەرگىمۇ «ۋەسەت» ئىبارىسى ئىشلىتىلىدۇ.

دوكتۇر ئەلى مۇھەممەد سەللابى دوكتۇر زەيد ئابدۇكېرىمنىڭ «ئىسلامدا ئوتتۇراھاللىق» دېگەن كىتابىدىكى مۇنۇ قۇرلارنى نەقىل قىلىدۇ: «ئوتتۇراھاللىق» ھەقىقەتتە ئىزدەش ۋە ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئۇ يەنە بېخىللىق بىلەن ئىسراپخورلۇق ئوتتۇرىسىدىكى سېخىلىق، قورقۇنچاقلىق بىلەن قاراملىق ئوتتۇرىسىدىكى باتۇرلۇق قاتارلىقلارغا ئوخشاش تەنقىدلىنىدىغان ئىككى شەيئىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەدھىيىلىنىدىغان

---

[1] سۈرە ھۇد 112-ئايەت

ھەر قانداق خىسلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[1]

ئوتتۇراھاللىق پىرىنسىپى بىر-بىرىگە زىت ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تەرەپكە ئىرغىپ كەتمەي ئادىللىق بىلەن تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان پىرىنسىپتۇر.

ئوتتۇراھاللىق ھەر شەيئىدە تەڭپۇڭلۇقنى، مۆتىدىللىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ، ئىسلامىي پىكىرلەرنى ئالدىراقسانلىق، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراش ئىللەتلىرىدىن ساقلاپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە پەلسەپە ۋە ئىنسان تەسەۋۋۇرلىرى، ھەتتا تېخى ئىلگىرىكى بەزى شەرىئەتلەرمۇ بۇ ئىللەتلەردىن خالىي بولالمىغان.

ئوتتۇراھاللىق يۇقىرىقىدەك مەنىلىرى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ بىر ۋە بارلىقىنى، بۈيۈكلۈك ۋە چەكلىمىلىرىنى تونۇپ يېتىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئەقىلنىڭ ھەقىقەتكە يېتىشتىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان پىرىنسىپتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن».[2]

ئوتتۇراھاللىق ئىسلام ھەقىقەتلىرىنى نامايان قىلىدىغان، ھەقىقەتپەرۋەر، قەلبى ساغلام مۇسۇلمانلارنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيا ئەھلىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان پىرىنسىپتۇر.

## «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىپ»لەردە مەقسەت قىلىنغان ئوتتۇراھاللىق

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ۋەسەت (يەنى ياخشى) ئۈممەت قىلدۇق».[3]

ئۆلىمالار «ئىسلام ئۈممىتى دىنىدا ناسارالاردەك چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي، يەھۇدىيلاردەك سەل قارىماي ئوتتۇرىدا لىللا تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىنى «ۋەسەت» (ئوتتۇراھال) دېگەن سۈپەت بىلەن تەرىپلىگەن» دەپ قارايدۇ. ئوتتۇراھاللىق ئاللاھ تائالاغا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان سۈپەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۈچ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ئۇ زاتنىڭ ئىبادەتلىرى توغرۇلۇق سوراپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئاز كۆرگەندەك قىلىپ: ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان تۇرسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىغاندا بىز قانچىلىك؟ دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: مەن كېچىچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇيمەن دېسە، يەنە بىرسى: مەن كۈن ئاتلاتماي يىل بويى روزا تۇتىمەن دەيدۇ. ئۈچىنچىسى: مەن ھاياتىمدا ھەرگىز خوتۇن ئالمايمەن، دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ: «سىلەر شۇنداق گەپلەرنى دېدىڭلارمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئاللاھقا سىلەردىنمۇ بەكرەك تەقۋالىق قىلىمەن، لېكىن مەن كۈن ئاتلىتىپ روزا تۇتىمەن، كېچىلىرى ناماز ئوقۇيمەن ھەم ئۇخلايمەن، خوتۇنمۇ ئالىمەن، كىمكى سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ مېنىڭ (ئەگەشكۈچىلىرىم)دىن ئەمەس» دەيدۇ.[4]

ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دىنىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار. شەكسىزكى، سىلەردىن ئىلگىرى

[1] دوكتور ئەلىي مۇھەممەد سەللابىي: «قۇرئان كەرىمدىكى ئوتتۇراھاللىق» 42-بەت

[2] سۈرە ئال ئىمران 191-ئايەت

[3] سۈرە بەقەرە 143-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[4] بۇخارى رىۋايىتى

www.uyghurkitap.com



ئۆتكەنلەرنى دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ھالاك قىلغان».

دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە دىننى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېلىش ئىسلامدا قەتئىي رەت قىلىنىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاگاھ بولۇڭلاركى، چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ھالاك بولدى» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.[1]

ئىسلام دىنى نۇر چېچىشقا باشلىغان ئەينى زاماندىلا بىرەيلەن «ئى مۇھەممەد، ئادىل بول!» دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتىراز بىلدۈرگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھالىڭغا ۋاي! مەن ئادىل بولمىسام كىم ئادىل بولىدۇ» دەپ رەددىيە بەرگەندى.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «تۆۋەننى يۇقىرىغا كۆتۈرىدىغان، ئۈستۈننى تۆۋەنگە قايتۇرىدىغان ئوتتۇرا ھال ئۈلگەمنى لازىم تۇتۇڭلار».

ئوتتۇراھاللىقتىن ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە ۋە بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەردە ئوتتۇرا ھال بولۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىسلامدا ئىبادەتلەردە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش قاتتىق چەكلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ ئىلگىرىكىلەرنى ھالاك قىلغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى ناسارالار جامائەسى) دىنىڭلاردا ھەددىدىن ئاشماڭلار، ئاللاھنىڭ شەنىگە ھەق (سۆز)دىن باشقىنى ئېيتماڭلار».[2]

دىنىمىز مەيلى ئىبادەتتە ياكى كىشىلىك مۇئامىلىلەردە بولسۇن ئوتتۇراھاللىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى، ئوتتۇراھاللىق ئاللاھ تائالا مۇشۇ ئۈممەتكە تاللاپ بەرگەن پرىنسىپتۇر. ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىنى «ۋەسەت» سۈپىتى بىلەن تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) بىز سىلەرنى ۋەسەت ئۈممەت قىلدۇق».

ئاللاھ تائالا بۇ ئۈممەتنىڭ ياخشى ئۈممەت ئىكەنلىكىنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر».[3]

ئوتتۇراھاللىق شەخس ۋە ئۇمۇمنىڭ مەنپەئىتىدە ئادىل ھۆكۈم قىلىدىغان پرىنسىپتۇر. ئىسلام شەرىئىتى مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش، زىياندىن ساقلىنىش ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، بارلىق ئىش-ھەرىكەتلەردە ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشنى تەكىتلەپ، ھەممە تەرەپنىڭ پايدا-مەنپەئەتلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ.

## ئوتتۇراھاللىقنىڭ ئەھمىيىتى

شەيئىلەرگە ھۆكۈم قىلىشتا ھەم ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىغا ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى شەيئىلەر يېڭىلىنىپ، مەسىلىلەرنىڭ تۈرى كۆپىيىپ تۇرىدۇ، ئۇنداق بولغان ئىكەن بۇ يەردە شەيئىلەر، شەخسلەر، جەمئىيەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشتا چوقۇم ئوتتۇراھال بىر پرىنسىپنىڭ بولۇشى زۆرۈر. ئىسلاھات، دەۋەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار پائالىيەتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ يېتىشى ۋە ئىلىم-مەرىپەت بىلەن كۈچلۈك قوراللىنىشى لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال-سوراق قىلىنىدۇ».[4]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلمەي تۇرۇپ سۆزلەشتىن چەكلىگەن ۋە بىلمەي تۇرۇپ پەتىۋا

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى
[2] سۈرە نىسا 171-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[3] سۈرە ئال ئىمران 110-ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[4] سۈرە ئىسرا 36-ئايەت

بەرگەن كىشىنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

دەۋەت ئىشلىرىدا ھەم ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىگە رىئايە قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى دەۋەت ئىشلىرى تەرتىپ-ئىنتىزامغا ۋە ھەمكارلىققا مۇھتاجدۇر. دەۋەت ئىشلىرىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتەلمەسلىكىمىز ياكى ئۇنىڭغا سەل قارىماسلىقىمىز ئۈچۈن مەسئۇلىيەتچان ئالىملار تۇتۇپ ماڭغان ئوتتۇراھاللىق يولىنى چىڭ تۇتۇشىمىز، خەلققە ئوتتۇراھاللىقنى چۈشەندۈرۈشتە ئۇلار بىلەن بىرلىكنى ساقلىشىمىز لازىم.

## ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

ئوتتۇراھاللىق شەرىئىتىمىزنىڭ تەشەببۇسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ساغلام ئەقىلگە ۋە نورمال ئىنسان تەبىئىتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى ھەر ئىشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن، مۇبالىغە قىلىشتىن ياكى سەل قاراش ۋە ھورۇنلۇق قىلىشتىن چەكلەيدۇ. چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراش ئارقىلىق نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلىغىلى بولمايدۇ. ئەقلىي جەھەتتىن قىلىپ ئېيتقاندىمۇ ئىشلاردا ئوتتۇرا ھال ۋە لىللا مەيداندا تۇرۇش ساغلام بىر ئىنسانىي تەبىئەتنىڭ تەقەززاسى ھېسابلىنىدۇ.

## ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى كۈچلۈك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە

ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ھاۋايى-ھەۋەس ۋە نەپسى-خاھىشقا ئەمەس، بەلكى مۇكەممەل ئىلمىي ئاساسقا تايانغانلىقىدۇر. بۇ يەردىكى ئىلمىي ئاساس «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىپ»، ئىجمائ ۋە قىياس قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئان ياكى ھەدىستىن ئوچۇق دەلىل بولمىغان مەسىلىدە بىرەر ساھابىنىڭ سۆزى ۋە ياكى مۇجتەھىد دەرىجىسىگە توشىدىغان ئالىملارنىڭ ئىجتىھادى ئاساس قىلىنىدۇ. ئوتتۇراھال پرىنسىپ قوللىنىدىغانلارنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ھەر ئىشتا ئىلىم ۋە ھېكمەتنى ئاساس قىلىشتۇر.

## ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى رىئاللىق ۋە شەرت-شارائىتلارنى قاتارغا ئالىدۇ

ئەمەلىي رېئاللىق ۋە شەرت-شارائىتلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى ھەر ئىشقا ئاۋام-خەلقنى، زامان-ماكاننى چىقىش قىلغان ئاساستا مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى، زامان ۋە ماكاننىڭ ئوخشىماسلىقى ئوخشىمىغان ھۆكۈملەرگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئاۋام-خەلقنىڭ تەلەپ-تەقەززالىرى، دۇنيانىڭ ئۇستىقۇرۇلما، تەرتىپلىرىمۇ بىر ھالەتتە تۇرمايدۇ. شەرىئەت ئەسلىدىنلا پۈتۈن ئىنسانىيەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان. ئۇنداق بولغانىكەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭدا ئوخشىمىغان ماكان ۋە زامانغا قارىتا ئوخشىمىغان ھۆكۈملەرنىڭ بولىدىغانلىقى تەبىئىي ئىش. شۇڭلاشقا ئۆلىمالار زامان، ماكان ۋە شارائىتلارنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن پەتىۋالارنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان.

## ئوتتۇراھاللىق ئىسلام شەرىئىتىنىڭ تەشەببۇسىدۇر

بىز ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى توغرىسىدا ماقالە يازغىنىمىزدا بىر قىسىم قېرىنداشلار «ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى پۈتۈن ئىنسانىيەت مۇشكۈلچىلىكلىرىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلالايدۇ دەپ قارىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئالاھىدە تەكىتلەۋاتامسىلەر ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزنى ھەر ئىشتا ئوتتۇراھال پرىنسىپ تۇتۇشقا بۇيرۇغان». ھازىر پۈتۈن ئىسلام ئۇممىتى ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىنىڭ تولىمۇ مۇھىم بىر مىزان ئىكەنلىكىنى قايتا چۈشىنىشكە باشلىدى. بىزمۇ ئىسلامدىكى ئەسلى تەشەببۇس بولغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىنى شەرھلەشكە ھازىرغىچە ئانچە كۆپ ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەنلىكىمىزنى تونۇپ يەتتۇق. شۇڭلاشقا گەرچە كىچىككەن بولساقمۇ يەنىلا مۆھتەرەم ئۇيغۇر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا ئىسلامنىڭ ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى توغرىسىدا چامىمىزنىڭ يېتىشىچە چۈشەنچە بېرىشكە تەرەددۇت قىلدۇق. ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىغا ئەھمىيەت بېرىش ئەسلىدىنلا شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى. ھەربىر مۇسۇلمان بارلىق پىكىر ۋە ھەرىكەتلىرىدە شەرىئەت تەرىپىدىن بۇيرۇلغان كۆرسەتمىلەرگە ئەگىشىشى، شەرىئەتكە زىت ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم. ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى ھاۋايى-ھەۋەس، نەپسى خاھىشتىن يىراق، قىزىققانلىق، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرۈش ياكى ئىدىيىۋى مۇستەبىتلىكتىن خالىي بولغان پرىنسىپتۇر. ئۆتچىللىك ياكى سولچىللىق ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگىشىش ھېكمەتسىزلىك ۋە تەنتەكلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىنىڭ شوئارى ھەققەت ۋە ئادالەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەپسى خاھىشنى ئىلاھ قىلىۋالغان، ئاللاھ ئازدۇرغان، (ھەقنى) بىلىپ تۇرغان، ئاللاھ قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن، ئاللاھ ئازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ سىلەر (بۇلاردىن) ۋەز-نەسىھەت ئالمامسىلەر؟»[1].

## ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى شەرىئەت مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن پرىنسىپتۇر

ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى ئىنسانلارنى شەرىئەت مەقسەتلىرىگە يەتكۈزىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بىز شەرىئەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى چۈشىنىشكە مۇھتاجمىز. شەرىئەت ئېغىزىمىزدىكى قۇرۇق دەۋالىرىمىز بىلەنلا ئىشقا ئېشىپ قالمايدۇ. بەلكى ئۇ پۈتۈن ھاياتىمىزنى ۋە ئاممىنىڭ ھاياتىنى شۇ قېلىپ بويىچە قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. شەخس ۋە ياكى ئاممىنىڭ ھاياتىنى شەرئىي ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇپ چىقىش پەقەت توغرا چۈشىنىلگەن ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

## «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىدىكىلەر ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن

ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى ئېتىقاد ۋە ئەمەللەردە ئۆتچىللىك ياكى سولچىللىقتىن مۇستەسنا لىللا مەيداندا تۇرىدىغان «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە»نىڭ پرىنسىپىدۇر. «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىدىكىلەر تەقدىر بىلەن ئىنساني ئىرادىنىڭ، ئىلىم بىلەن ئىبادەتنىڭ، دەھشەت بىلەن رەھمەتنىڭ ئوتتۇرىسىنى ھېكمەتلىك گارمونىك بىرلەشتۈرەلەيدۇ ۋە ناھايىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

ھەر ئىشتا ئىنساپ ۋە ئادالەتنى ياقلاش «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» تەكرىم (ھۆرمەت) بىلەن تەئزىم (ئۇلۇغلاش)نى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەيدۇ. قارشى سەپتىكىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندىمۇ ئادالەتنى، ئىنساپنى، پەزىلەتنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمايدۇ. كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىراۋنىڭ پەزىلەت ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئۆلىمالار ۋە پېشۋالارغا چوقۇنمايدۇ ياكى پۈتۈنلەي ھۆرمەتسىزلىكمۇ قىلمايدۇ. ئۇلار «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەر قانداق كىشىنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە رەت قىلىنىدۇ» دەپ قارايدۇ. شەرىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرى بىلەن زامان ئۆزگىرىشلىرىنى، شەرئىي ھۆكۈملەر بىلەن زامان تەقەززالىرىنى بىر-بىرىگە ماھىرلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇۋالايدۇ. ئۇلار ئۆتمۈش، رېئاللىق ۋە كېلەچەكنى تەڭ نەزەرگە ئالىدۇ.

ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغۇچىلار تۈزەش، ئىسلاھ قىلىش ۋە تەربىيەلەشنى ئاساس قىلىدۇ. ئاۋامغا ئىشلارنىڭ ئاسان تەرىپىنى

[1] سۈرە جاسىيە 23-ئايەت

كۆرستىپ قويىدۇ. ھەرگىزمۇ قىيىنلاشتۇرۇپ «دىن يولى مېڭىش مۇمكىنسىز بىر يول» دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. بىشارەت بېرىدۇكى، نەپرەتلەندۈرمەيدۇ. ئۆزئارا ھەمكارلىق، كۆيۈنۈش ۋە مېھىر-مۇھەببەتكە چاقىرىدۇ.

## ئىسلامدا ئوتتۇراھاللىق كۆرۈنۈشلىرى

ئىسلام ئىنسانلارغا مۇئامىلە قىلىشتىمۇ ئوتتۇراھال مەيدان تۇتىدۇ. ئاتېزىمچىلاردەك «ئادەم مايمۇندىن پەيدا بولغان» دەپ قارىمايدۇ. بەزى پەلسەپىچىلەر ئېيتقاندەك «ئىنسان ئۆزىگە ئۆزى ئىلاھ» دەپمۇ قارىمايدۇ. بەلكى، ئىسلام ئىنساننى «ئاللاھ ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، ئۆز روھىدىن جان كىرگۈزگەن، زېمىندا ئاللاھنىڭ خەلىپىسى بولۇشقا تېگىشلىك ھۆرمەتلىك بەندە» دەپ قارايدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق».[1]

ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى ئەمەل ساھەسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىگە ئوخشاش ئەھمىيەت بېرىدۇ: «ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن».[2]

مال-مۈلۈك ئىشلىرىدا ئىسلام دىنى سوتسىيالىزم ياكى كاپىتالىزم تۈزۈملىرىگە ئوخشاش بىر تەرەپلىمە قاراشتا بولماستىن، بەلكى ئوتتۇراھال مەيداندا تۇرۇپ مال-مۈلۈككە قانداق ئېرىشىش، قانداق ئىشلىتىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك مال-مۈلۈكنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ توغرا ۋە ھالال بولۇشىنى، خىراجەت قىلىشتا ئىسراپ ۋە بېخىللىقتىن يىراق بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ».[3]

ئىقتىسادىي مەسىلىلەردە ھەممە تەبىقىلەرنىڭ پايدا-مەنپەئىتىنى تەڭ نەزەردە تۇتۇپ، «ئۆزىمۇ زىيان تارتماسلىق، ئۆزگىگىمۇ زىيان سالماسلىق» پرىنسىپىنى قوللىنىدۇ.

## روھ ۋە ماددا ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇراھاللىق

ئىسلام شەرىئىتى روھقا ئەھمىيەت بېرىشتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان، جىسمانىيەتنى ئازابلاپ، زاھىدلىققا بۇيرۇيدىغان ئېقىم بىلەن ماددىي ھوزۇر-ھالاۋەتلەرنىلا قوغلىشىپ، روھقا سەل قارايدىغان ئېقىملارغا ئوخشىمايدىغان، بەلكى ھەر ئىككى تەرەپكە ئورتاق ئەھمىيەت بېرىدىغان، ھەر ئىككى تەرەپكە ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان شەرىئەتتۇر.

## ئەنئەنە بىلەن تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇراھاللىق

ئىسلام شەرىئىتى ھۆكۈملىرىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدە ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. كونكېرت قىلىپ ئېيتقاندا، يىلتىزلىق پرىنسىپتا ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. شاخچە مەسىلىلەردە ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلغان ئاساستا زامان ۋە ماكانغا خاس ھۆكۈملەرنى خۇلاسىلەشكە بولىدۇ. ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى بۇ تەرەپتىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

## ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىنىڭ ئىجتىمائىيەتتىكى رولى

ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى شەخسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ.

كاپىتالىستىك تۈزۈمدە جەمئىيەت مەنپەئەتىدىن شەخسلەرنىڭ يەنى خوجايىنلارنىڭ مەنپەئەتى

[1] سۈرە ئىسرا 70 - ئايەت
[2] سۈرە قەسەس 77 - ئايەت
[3] سۈرە فۇرقان 67 - ئايەت

ئۈستۈن تۇرىدۇ. سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە بولسا شەخسنىڭ مەنپەئەتىدىن كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرىدە ئېغىر بىر تەرەپلىملىك خاھىشى مەۋجۇت. بىرىنى بىرىگە قۇربان قىلىش ئەدىيىسى كۈچلۈك. ئىسلام شەرىئىتىدە شەخسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسى ھېكمەت ۋە ئادالەت بىلەن تەڭپۇڭلاشتۇرۇلغان بولۇپ، «ئۆزمۇ زىيان تارتماسلىق، ئۆزگىگىمۇ زىيان سالماسلىق» پرىنسىپىنى يولغا قويغان. دېمەك، ئىسلام شەرىئىتىدە شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا تېگىشلىك رەۋىشتە ئادىللىق بىلەن رىئايە قىلىنىدۇ.

## ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى رېئاللىقنى چىقىش قىلىدۇ

ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى رېئاللىقنى چىقىش قىلىدۇ. ئۇ، ئاۋام-خەلقنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئالاھىدە نەزەرگە ئالىدۇ. ئاۋام-خەلقنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ بېرىدۇ. ئاۋامنىڭ قەلبىدە ئىشەنچ تۇرغۇزىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ: «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ».[1] دېگەن ئايىتىگە ئۇيغۇن ھالدا كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھات قەدەملىرىگە بەرھەم بېرىدۇ.

ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىنى ئاۋۋال ئۆزىمىزدىن باشلاپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. چۈنكى ھەرقانداق ئىسلاھات ۋە تەشەببۇسلار ئاۋۋال ئۆزىدىن باشلانمىغاندا باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك پاك ۋەھيي «قۇرئان كەرىم»نى ۋە پاك ئىلھام «ھەدىس شەرىپ»لەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولغاچقا، ئۇ نوقۇل پىكىر ياكى ئىدىئولوگىيەلا بولماستىن، بەلكى مۇتلەق توغرا يول ۋە دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتنىڭ كاپالىتىدۇر.

ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى «ئەنئەنە ۋە يېڭىلىق ئىشلىرىدا ئىلگىرىكىلەرنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەت ۋە ئەفكارلىرى يۈزدە-يۈز توغرا، بىز بۇنىڭدىن چەتنىمەي مېڭىشىمىز زۆرۈر» دېگۈچىلەر بىلەن يېڭىلىق ۋە ئىجادىيەتكە چوقۇنۇپ ئەنئەنىنى پۈتۈنلەي چەتكە قاققۇچىلار ئارىسىدىكى مۆتىدىل پرىنسىپتۇر.

ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپى بىزگە ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەت ۋە ئەفكارلىرىدىكى «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىپ»لەرگە ئۇيغۇن ئالاھىدىلىكلەرنى قوبۇل قىلىش بىلەن يېڭى دەۋر ئەۋزەللىكلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق ئارىسىنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلىدۇ.

— داۋامى كېيىنكى ساندا

### ئەللامە قەرداۋى مۇنداق دەيدۇ...

➢ ھەرقانداق دەۋر ۋە مەيلى ھەرقانداق جەمئىيەتتە ھەرقانداق شەخس ياكى گۇرۇھ ھېسسىيات ۋە غەيرىي ئىنسانىي تۇيغۇلارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئەزەلدىن ئىنسانىيەت بىلەن ئاجرالماس رىشتە ئورناتقان ۋە تەبىئىي ئېھتىياجغا ئايلانغان شەيئىلەرگە قارشى تۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەققەتەننىڭ ئاچچىق مەسخىرىسى ۋە ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ نەپرىتىدىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.

➢ ھەرقانداق قۇلۇپنىڭ ئۆز ئاچقۇچى بولىدۇ. باشقا ئاچقۇچ بىلەن ئۇنى ئاچىمەن دېيىش ئوشۇقچە ئاۋارىچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. خۇددى شۇنىڭدەك، ئىنسان روھىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ بىرلا، ئۇ بولسىمۇ دىن ۋە ئىمان. بىز ئۇنىڭسىز كىشىلەرنى پاكلاندۇرۇش ۋە ئۇلاردىكى يوشۇرۇن كۈچنى نامايان قىلىش مەقسىتىگە يېتەلمەيمىز. باشقىچە ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى گويا سۇغا ئۆي قۇرۇش ياكى ھاۋاغا خەت يازغانغا ئوخشاش بىھۇدە ئىشلاردۇر.

[1] سۈرە رەئد 11-ئايەت




بىزنى يوقتىن بار قىلىپ، ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتقان، ئىنسانلار ئارىسىدا مېھىر-مۇھەببەت ۋە قېرىنداشلىق بەرپا قىلىش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك قىلىدىغان ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ھەق دىنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغان رەببىمىزگە چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن. ئىنسانلارنى ئاللاھ ئۈچۈن قېرىنداش بولۇشقا چاقىرغان، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنى قېرىنداش قىلىش بىلەن ئىش باشلىغان ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ۋە ساھابىلىرىگە ئاللاھتىن رەھمەت تىلەيمەن. ئاللاھ ئىنساننى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يارىتىپ، ئىمتىھان ئۈچۈن دۇنياغا ئەۋەتتى. ئىنسان يارىتىلىش ئېتىبارى بىلەن ئۆز ئالدىغا يالغۇز ياشىيالايدىغان ۋە ھاياتنى داۋاملاشتۇرالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار جامائەت ھالىتىدە ياشايدۇ، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ. بىر مەھەللىدە، بىر يۇرتتا بىر دۆلەتتە بىرگە ياشايدۇ. ئەھۋال بۇنداق بولغان ئىكەن ئىنسانلارنىڭ تىنچ - ئامان ۋە خاتىرجەم ياشاپ، بەختلىك ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن بەزى قائىدە-يوسۇنلارنى ئۆگىنىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى ۋە بەزى خاتا ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىشى لازىم بولىدۇ.

بىز تۆۋەندە ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ نېگىزلىك مۇھىم ئامىللىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇۋاتقان ۋە سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## جەمئىيەتنىڭ ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىككە كاپالەت بولىدىغان مۇھىم ئامىللار

### 1. ئىمان

ئىمان لۇغەتتە «ئىشەنچ قىلىش، چىنپۈتۈش» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. شەرىئەت ئىستىمالىدا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن بېرىلگەن بارلىق خەۋەرلەرگە شەك-شۈبھىسىز چىن ئىشىنىش دېمەكتۇر.

بۇ كائىناتتا بىرلا ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا، ئۇنىڭدىن باشقا جانلىق-جانسىز پۈتكۈل مەۋجۇداتلار ئۇ ياراتقۇچىنىڭ يوقتىن يارىتىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن مەخلۇقات ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بىر مۇئمىن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھنىڭ كائىناتتا بولغان، بولۇۋاتقان ۋە بولىدىغان بارلىق ئىشلارنى بىلىپ، كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا، ئۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ھېساپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاللاھ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى مىنۇت-سىكۇنت ئېسىدىن چىقارمايدۇ. ھېچكىمگە ناھەقچىلىك قىلمايدۇ، ھېچكىمنىڭ ھەققىگە چېقىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە ئامانلىق، ھوزۇر ۋە خاتىرجەملىك بولىدۇ.

دېمەك، ئىمان ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ خاتىرجەملىكىنى ۋە ئامانلىقىنى كاپالەتكە ئىگە

www.uyghurkitap.com

قىلدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئامىلدۇر. ئىمان بولمىغان جەمئىيەتتە ئامانلىقتىن، خاتىرجەملىكتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

## 2. ئادالەت

ئادالەت لۇغەتتە «رەتلىك ۋە تەكشۈرۈك ھەرىكەت قىلىش، ھەممىنىڭ ھەققىنى بېرىش، ناھەقچىلىكتىن يىراق ئوتتۇراھال يولنى تۇتۇش، ھەر نەرسىنى ئۆز ئورنىدا قويۇش» دېگەن بولىدۇ. ئىسلامدا ئادالەت پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ قانۇن ئالدىدا تەڭ-باراۋەر بولۇشى دېگەن بولىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ئادالەت ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئاساسىدۇر» دېگەن ئىدى. ئادالەتنىڭ ئەكسى زۇلۇم، ناھەقچىلىك ۋە ئىنساپسىزلىقتۇر. جەمئىيەتنىڭ خاتىرجەم، تىنچ-ئامان ۋە ھوزۇرلۇق بولۇشى ئادالەتكە باغلىقتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىمان ئېيتقان زاتلار! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزەڭلارنىڭ ۋە ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى چىڭ تۇتۇڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، ئاللاھ سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنىڭ نىمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر.»[1]

يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىمان كەلتۈرگەن زاتلار! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار...»[2]

## 3. باراۋەرلىك

ئاللاھ بارلىق ئىنسانلارنى ئىنساني ھۆرمەتتە ئوخشاش ياراتقان. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ رەڭگى، مىللىتى ۋە ياشايدىغان يېرى قانداق بولسا بولسۇن، «پۈتكۈل ئىنسانلار ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن تاغاقنىڭ چىشىدەك تەڭ-باراۋەر»دۇر. جەمئىيەتتە تىنچلىق، مۇقىملىق بولۇشى ئۈچۈن ئىنسانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، ھېچكىمگە يان باسماسلىق لازىم. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ كېلىش مەنبىيىنىڭ بىرلىكىنى، نەسەپ ياكى ئىجتىمائىي ئورۇن جەھەتتىكى پەرقلەرنى پەش قىلىپ باشقىلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت ) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.»[3]

بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغىنىدەك ئىنسانلارنىڭ رەڭگىنىڭ، تىلىنىڭ، ئىرقىنىڭ ھەرخىل بولۇشى، ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن تونۇشۇشى، بىر - بىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئوخشاشماسلىقلارنى دۈشمەنلىك، يامان كۆرۈش، ئۆز قەۋمىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈپ باشقىلارنى كەمسىتىش ۋاستىسى قىلماستىن، بەلكى توغرا قوبۇل قىلىش، دوستانە مۇئامىلە قىلىش كېرەك. چۈنكى دۇنيادا ئۈستۈن مىللەت، ئۈستۈن ئىرق يوق. ھەممە مىللەت ۋە ئىرق

[1] سۈرە نىسا 135-ئايەت

[2] سۈرە مائىدە 8-ئايەت

[3] سۈرە ھۇجۇرات 13-ئايەت

ئوخشاش بولۇپ، ئۈستۈنلۈك پەقەت تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ.

## 4. سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت

سۆيگۈ ئادەم ياكى نەرسىلەرنى ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسىدۇر. سۆيگۈ ئىنسان تەبىئىتىدىكى تۇغما تۇيغۇ بولۇپ، ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە باغلايدىغان ۋە بىرلەشتۈرىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، ھۆرمەت ۋە شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ گۈزەل تۇيغۇنى ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم» مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[1]

دىللارنىڭ بىرلىشىشى ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىناقلىق سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ۋە بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەش بىلەن بولىدۇ. سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ئاللاھ سۆيگۈسىدۇر. ئاللاھ جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان، جامائەتنىڭ ئارىسىغا پىتنە سالىدىغان، ئىنسانلارنىڭ ھەقلىرىنى بەرمەيدىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىلەر: زالىملار، بۇزغۇنچىلار، كاپىرلار، ئىسراپخورلار، ھەددىدىن ئاشقۇچىلار ۋە مۇتەكەببىر گەدەنكەشلەردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتنى پارچىلايدىغان، ئىنسانلارنى ياخشى كۆرمەيدىغان، پەقەت ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن باشقىلارغا زىيان ئۇرۇشتىن يانمايدىغان كىشىلەردۇر.

ھەر بىر مۇسۇلمان ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممە نەرسىدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئاللاھنى ۋە رەسۇلنى ئاتا ـ ئانىسىدىن، خوتۇن ـ بالىلىرىدىنمۇ بەكراق ياخشى كۆرمىگىچە مۇئمىن بولالمايدۇ».

مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ بارلىق مەخلۇقلىرىنى ئاللاھنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ. مۇسۇلمان كائىناتنىڭ دوستىدۇر. مۇسۇلمان ئىنسانىيەتنى يوقىتىشقا ئەمەس، ئۇنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ.

## 5. ئىلىم

جەمئىيەتنى تەرەققى قىلدۇرىدىغان، ئىنسانلارغا بۇ ئالەمدىكى جانلىق ـ جانسىز مەخلۇقاتلاردىن توغرا يوسۇندا پايدىلىنىشنى ئۆگىتىدىغان نەرسە ئىلىمدۇر. ئىلىمسىز ئادەم يېلىكسىز ئۇستىخانغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن ھېچكىمگە پايدا كەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇ جەمئىيەتكە زىيان كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىسلام دىنىمىز داۋاملىق ئوقۇشقا، ئۆگىنىشكە، ھەر ساھەدە بىلىم ئىگىسى بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. دىنىمىزدا پەقەت دىنىي ئىلىملارلا ئەمەس، پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشمۇ ئوخشاش پەرزدۇر. بىلىم ئىگىسى بولغان كىشى ھەم ئۆزىگە، ھەم ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە پايدىلىق كىشىدۇر. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىلىمسىز دوستۇم بولغىچە، بىلىملىك دۈشمىنىم بولسۇن» دېگەن ئىكەن. دېمەك، بىلىمسىزنىڭ دوستلۇقىغىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

## جەمئىيەتنى ھالاكەتكە سۆرەيدىغان ئىللەتلەر:

### 1. گورۇھۋازلىق

ئۆز تۇپىنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش، ئۆزىنىڭ پىكىر ـ ئىدىيىسىدىكىلەرنىلا ھەممىدىن يۇقىرى كۆرۈش گورۇھۋازلىقنىڭ تىپىك ئالامەتلىرىدىندۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى بىر - بىرى بىلەن تونۇشۇپ، بىر - بىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ دوستانە ھايات كەچۈرسۇن ئۈچۈن شۇنداق پەرقلىق ياراتقان. پىكىر ـ ئىدىيەدىكى پەرقلەر ئەسلىدە ئىنسانلارنىڭ ئۆز خاسلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدىغان كەڭرى بىر سەھنىدىنلا ئىبارەت خالاس.

[1] سۈرە ئەنفال 63 ـ ئايەت

بىر دۆلەت ياكى بىر رايوندا ياشاۋاتقانلار ئىچىدە ھەر بىر توپ يەنە بىر توپتىن ئۆزىنى يۇقىرى كۆرۈپ، ئۆز ئادەملىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلسە، بۇ باشقىلارنى كەمسىتىش ۋە كۆزگە ئىلماسلىققا سەۋەب بولىدۇ. بۇ خىل خاھىش جەمئىيەتتە زىددىيەت، دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئىچىنىشلىق تىراگېدىيەلەر دەل يۇقىرىقىدەك گورۇھۋازلىق خاھىشىدىن كېلىپ چىققان. ھازىرمۇ يەرشارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىنسانلار گورۇھۋازلىقنىڭ دەردىنى بولۇشىغا تارتىۋاتىدۇ.

ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن مۇقەددەس دىنىمىز جەمئىيەتكە ئېغىر تالاپەت كەلتۈرۈۋاتقان بۇ ئايرىمچىلىققا خاتىمە بېرىپ، «پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ تاغاقنىڭ چىشىغا ئوخشاش تەڭ - باراۋەر» ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. دۇنيادىكى ئەڭ تۇنجى «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» ھېسابلىنىدىغان «ھەججەتۇل ۋىدا» خۇتبىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەرەبنىڭ ئەجەمدىن، ئەجەمنىڭ ئەرەبتىن، ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن ئۈستۈنلىكى يوق. ئۈستۈنلۈك پەقەت تەقۋالىق بىلەندۇر.» سۆيگۈ - مۇھەببەت، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەش، بىر - بىرىگە ياخشىلىق قىلىش، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش ۋە يامان ئىشلارغا دەل ۋاقتىدا كوللېكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇش قاتارلىق گۈزەل خىسلەتلەر ئومۇملاشسا، جەمئىيەت تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىققا چۆمىدۇ، ھەممە ئادەم ھەقىقى بەختنى ھېس قىلالايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار...»[1]

## 2. مەزھەپچىلىك

بۇگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە ئېغىر تالاپەت ئېلىپ كېلىۋاتقان، ئىسلامي رايونلارنى قالايمىقانچىلىق پاتقىقىغا سۆرەۋاتقان يەنە بىر ۋابا مەزھەپچىلىكتۇر. ئەھلى سۈننى ئەقىدىسىكى مۇسۇلمانلار ياشىغان مۇھىت ۋە دەۋرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ فىقھى جەھەتتىن تۆت مەزھەبنىڭ بىرىگە تەۋەلەنگەن. ئەينى دەۋر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئوخشىمىغان مەزھەپلەرگە مەنسۇپ بولۇشى ئۆز ـ ئارا دۈشمەنلىشىشكە سەۋەب بولغان ئەمەس. چۈنكى ئۇلار تۆت مەزھەپنىڭ ھەممىسىنى توغرا دەپ قارايتتى. زامانىمىزدا ئوخشىمىغان ناملاردا نۇرغۇن ئېقىملار پەيدا بولۇپ، نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئومۇملىشىپ كەلگەن دىنى ئۆرپ ـ ئادەت، ئىبادەت شەكىللىرىدە ئۆزگىچىلىك پەيدا قىلىشقا تىرىشىپ، ئادەتتىكى مەسىلىلەردە ئىختىلاپ پەيدا قىلىپ، ئوخشىمىغان پىكىردىكىلەرنى «ئازغۇن»، «بىدئەتچى»، «ئەشئەرى»، «ماتۇرىدى» دەپ خۇددى كاپىردەك يامان كۆرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. بۇ ئېقىمدىكىلەر قارىماققا ئىسلامنى ناھايىتى ياخشى تەتبىق قىلىدىغان، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى توغرا بەرپا قىلىۋاتقان دىنغا سادىق كىشىلەردەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزىنىڭ نادانلىقى ۋە ھېكمەتسىزلىكىدىن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا پىتنە پەيدا قىلىپ، بىر - بىرىگە دەي ـ دەيگە سېلىپ، زالىم ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئىزىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەرمەكتە. مۇسۇلمان مۇسۇلماننى ئۆلتۈرىدىغان ۋە بۇ ئىشنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن، دىن نامىدىن قىلىدىغان ئەھۋاللار شەكىللەنمەكتە. ئوتتۇرا شەرقتە بولۇۋاتقان ئۇرۇشلار، ئېقىۋاتقان قانلار ۋە كۆز ياشلار مۇشۇ تار رامكىدىكى مەزھەبچىلىك ۋە شۇنچە كەڭ يوللۇق دىنىمىزنى تار دائىرىدە چۈشىنىۋالغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## 3. بىلىمسىزلىك

خەلقىمىز ھازىر مەيلى دىن ياكى تىل ياكى مىللىي ئەنئەنىلەر نۇقتىسىدىن بولمىسۇن تارىختىكى ئەڭ ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. ھۆكۈمران كۈچلەر دىنىي مائارىپ ۋە ئانا تىل مائارىپىنى چەكلەش ئارقىلىق مىللىتىمىزنى يۇتۇنلەي يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.

[1] سۈرە مائىدە 2 ـ ئايەت

چۈنكى ئىلىم - مەرىپەتتىن يىراق، بىلىمسىز، نادان خەلقنى يوقتىن ئانچە تەسكە چۈشمەيدۇ.

بۇنىڭغا قارىتا تولا قاقشاپ، شىكايەت قىلىپ، ھېچ ئىش قىلماي يۈرگەننىڭ ئورنىغا خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىمانى ۋە ۋىجدانى ئويغاق كىشىلەر دەرھال مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قولىدىن كېلىدىغان، قىلىش ئىمكانىيىتى بولغان ئۇششاق نۇقتىلارنى چىڭ تۇتۇپ، «ئۆلگەندە ياسىن ئوقۇغاننىڭ ئورنىغا سەكراتتا ئېغىزىغا سۇ تېمىتقان ئەڭ ئەۋزەل». مانا بۇ ۋەتەن خەلقكە قىلغان ئەمەلىي، رېئال خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. ئالايلۇق، ئائىلىلەردە ئەۋلاتلىرىمىزغا ئۆز تىلىمىزنى ئۆگىتىش، دىنىي تەلىم تەربىيەلەرگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش، بالىلارغا كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۇلارنى دىنىدىن خالىي جەمئىيەت ۋە مەكتەپلەردىن ئۆگىنىۋالغان يامان خاراكتېرلىق يۇقۇندىلاردىن ۋاقتى-ۋاقتىدا تازىلاپ تۇرۇش دېگەندەك.

ئەمما دەۋرىمىزدە مەرھۇم مۇھەممەد غازالى دېگەندەك «دۈشەنبە مەكتەپكە كىرىپ، سەيشەنبە ئالىم بولۇپ چىقىپ، چارشەنبە ئۆتمۈشتىكى بۈيۈك ئالىملارغا تىل ئۇزۇتۇشقا باشلايدىغان بىر قىسىم چولتا پەم كىشىلەر»مۇ بار. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، بىلەرمەنلىك قىلىش، تەنتەكلىك بۇلارنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى. بەش-تۆت يىل مەدرىس كۆرگەنگە، بىرەر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دىپلومىغا ئېرىشكەنگىلا ھەممىنى بىلىپ كەتكىلىكى بولمايدۇ. ئاشقانسېرى ئادەمنى ئېغىر-بېسىقلىققا، تەمكىنلىككە، كەڭ قورساقلىققا، شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىققا ئېلىپ بارالىغان ئىلىم ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلىمدۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا قانچە كاتتا ئۇنۋانلارغا ساھىپ بولۇشتىن قەتئىينەزەر ساختا، كۆپۈك بىلىم ھېسابلىنىدۇ. ئۆز خەلقىگە مېھىر بەرمىگەن، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كەمچىل كىشىلەر ھەر قانچە ئۆزىنى ئەللامە ساناپ يۈرگەن تەقدىردىمۇ، بۇلار ئاخىرىدا يەنە ھەرخىل پىتنە - ئىغۋالارغا پىلتە بولىدۇ، جامائەتچىلىكنى پارچىلايدۇ. بۇلاردا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمىغاچقا دائىم ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشنىلا قىلىدۇ. قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ باشقا ئاۋام مۇسۇلمانلارغا قانداق تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، كىملەرنى خاپا قىلىپ، كىملەرنى خۇش قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ دېتى ئۇ تەرەپلەرنى ئويلىغۇدەك سەۋىيەدىمۇ ئەمەس.

## 4. تەڭسىزلىك

جەمئىيەتتە بىر تۈركۈم كىشىلەر باي، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈپ، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر كۈندىلىك ئېھتىياجىنى قامدىيالمايدىغان ھالەت شەكىللەنسە، بۇ، ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ياراتقان تەبىئىي بايلىقلارنىڭ تەڭ باراۋەر ئۈلەشتۈرۈلمىگەن، مەلۇم بىر سىنىپ ئۇنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تەڭسىزلىك ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت، ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك بولمايدۇ. ئىسلام دىنىمىز مال-دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق بولىدىغانلىقىنى، سىناق ئۈچۈن ئىنسانلارغا قىسقا مۇددەتلىك بېرىلگەنلىكىنى، بايلارنىڭ مېلىدا پېقىرلارنىڭ ھەققى بارلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى تەڭپۇڭلۇقنى بەرپا قىلغان. بۇنىڭ ئەڭ ئۇچۇق مىسالى زاكات ۋە سەدىقىلەردۇر. «بەرگۈچى قولنىڭ ئالغۇچى قولدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى»نى بىلدۈرۈش ئارقىلىق بايلارنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن، بەلكى ئۆز رىغبىتى بىلەن يوقسۇللارغا ياردەم قىلىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ شەكىلدە جەمئىيەتتىكى بايلار بىلەن نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىك يوقىتىلىپ، ھەممە بىرلىكتە خۇشال-خۇرام، راھەت-پاراغەت ھايات كەچۈرىدىغان ئەھۋال قولغا كەلتۈرۈلگەن.

## 5. زۇلۇم

زۇلۇم ئادالەتنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ، بۇ ھەر نەرسىنى ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇندا قويماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئوچۇقنى ئېيتقاندا باشقىلارنىڭ ھەققىنى بەرمەسلىك، باشقىلارغا زورلۇق-

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

زومبۇرلۇق قىلىش، زوراۋانلىق قىلىش، باشقىلارنىڭ ئۆي ـ جاي، پۇل ـ ماللىرىنى تارتىۋېلىش... قاتارلىقلارنى كۆرستىش مۇمكىن. دېمەك، زۇلۇم جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان ئامىللارنىڭ ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدۇ. زۇلۇم بولغان جەمئىيەتتە تىنچلىق، خاتىرجەملىك بولمايدۇ. زۇلۇم ئەۋج ئالغان جەمئىيەت ئۇزاققا بارمايلا بەربات بولىدۇ. ئىمام ئىبنى تەيمىيە: «زۇلۇم قىلىدىغان ھاكىمىيەت مۇسۇلمان بولسىمۇ ئۇزاق دەۋر سۈرەلمەيدۇ. ئادالەتلىك ھاكىمىيەت كاپىر بولسىمۇ ئۇزاق ۋاقىت دەۋر سۈرىدۇ» دېگەن ئىكەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا زۇلۇمنى ياخشى كۆرمەيدۇ. كۈنىمىزدە زالىم ھاكىمىيەتلەرنىڭ دەۋر سۈرۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغان ھەق كۈچنىڭ بولماسلىقىدۇر. شۇڭلاشقا ھەق ئىگىلىرى ئوتتۇرىدىكى ئۇششاق ئىختىلاپلارنى تاشلاپ، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ ھەرىكەت قىلىش كېرەك.

### 6. ئايرىمچىلىق

ساغلام، مېھر ـ مۇھەببەتلىك ئىسلامىي جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەر كىشىگە ئۆزگە تېگىشلىك مۇئامىلە قىلىش، مۇئامىلىلەرنى باي ـ نامراتلىق پەرقى بويىچە ياكى ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ئورۇن ـ مەرتىۋىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئىسلامنىڭ كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى ئۆلچىمى، ئىسلامىي مۇرۇۋۋەت ئۆلچىمى بويىچە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە كۆرۈلۈۋاتقان بىر قىسىم زىددىيەت ۋە ئازارچىلىقلار دەل مۇشۇ تەرەپكە سەل قارىغانلىقىمىزدىن بولۇۋاتىدۇ. ئۆز ئىچىمىزدىكى ئىمانلىق، ئاقكۆڭۈل، سەممىي قېرىنداشلىرىمىزنى ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن بولغانلىقى ياكى ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن كۆزگە ئىلمايدىغان، باشقا پۇلدار، مەنسەپدار، ئاق ياقىلىقلارنى مەيلى ئۇلار پاسىق بولسۇن ياكى ئاللىقانداق ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۈرسۇن ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۈچۈكلىنىپ يۈرۈش قاتارلىقلار ئىشلار ياخشى نىيەت، ئاقكۆڭۈل، ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن قېرىنداشلىرىمىزدا بىر خىل قىيداش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇشتىن ئۆزىنى تارتىدىغان، «ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن» يالتىيىدىغان بولۇپ قالىدۇ. جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇش ۋە «ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن» ئىبارەت بۇ ئەقەللىي مۇسۇلماندارچىلىق ئىپادىسى تاشلانغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك، قالايمىقانچىلىق كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇ ھالەت سىرتتىن ئېقىپ كىرگەن سوقۇندىلارنى ياخشى ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ بارلىق ئوي ـ خىيالىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش، باشقا قېرىنداشلار بىلەن مەنسەپ، مەرتىۋە جېڭى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ياتلارغا ئالىيىپ قاراشقىمۇ ۋاقىت چىقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقلا بۇ خىل كەيپىيات ياتلارغا ئۆزىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش پۇرستى يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئىجتىمائىي ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆپرەك ئىسلام تارىخى ۋە مىللىي تارىخلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىش، ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىمىزنى ھېس قىلىش، كوللېكتىپۇزىملىق روھ يېتىلدۈرۈشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر.

### 7. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرگە سەل قاراش

ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىش، زىنا - پاھىشە قاتارلىق ناشايان ئىشلار جەمئىيەتتە تېز يامراۋاتقان ۋە ئېغىر خەۋپ شەكىللەندۈرۈۋاتقان ئامىللاردۇر.

گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر زېمىندا نۇرغۇن بۇزۇقچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ سۇ، ھاۋا، زىرائەت، مېۋە ـ چېۋە، ئۆي ـ تۇرالغۇ قاتارلىقلاردا تەڭپۇڭسىزلىق پەيدا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا

تېتىتتى.»[1]

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «زالىم ھۆكۈمران ھاكىمىيەت بېشىغا چىقسا، زۇلۇم ۋە بۇزۇقچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ. ئاللاھ شۇلارنىڭ كاساپىتىدىن يامغۇرنى چەكلەپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېتىز ـ ئېرىقلار، جانلىقلار ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇزغۇنچىلىقنى ياخشى كۆرمەيدۇ».

مۇجاھىد ئاللاھ تائالانىڭ «ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى» دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى، ئاندىن مۇنداق دېدى: «ھەي ئادەملەر، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان دېڭىز سىلەر كۆرۈۋاتقان مۇئەييەن دېڭىز ئەمەس، لېكىن ھەرقانداق بىر مەھەللە بىر ئېقىن بويىغا جايلاشقان بولىدۇ. شۇ ئېقىن مەھەللىگە نىسبەتەن دېڭىز ھېسابلىنىدۇ».

يۇقىرىقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «فەساد» دېگەن كەلىمىدىن مەقسەت بەندىلەر گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرگە چۆمۈپ كەتكەندە ئاللاھ ئۇلارغا چۈشۈرىدىغان بەرىكەتسىزلىك، يامانلىق، دەرت ـ ئەلەملەردىن ئىبارەتتۇر. بەندىلەر ئىزچىل گۇناھ ئۆتكۈزۈۋېلا تۇرىدىكەن ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب ئەۋەتىدۇ. بەزى سەلەپ ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر بىرەر گۇناھ ـ مەئسىيەت پەيدا قىلساڭلارلا، ئاللاھ تائالا ئۆز دەرگاھىدىن بىر ئازاب چۈشۈرىدۇ.»

گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى ئىزچىل ئازايتىش بىردىنبىر چارىسى تەلىم - تەربىيەنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ياشلىرىمىزنى توغرا ۋە پايدىلىق يولغا باشلاش، پايدا بىلەن زىياننى ئايرىيالايدىغان ئاڭلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتۇر.

ئاللاھ تائالا بىزگە ھەقنى ھەق كۆرستىپ، ئۇ يولدا مېڭىشنى نېسىپ قىلسۇن. بۇ يولدا قىلىنىۋاتقان خىزمەتلىرىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلسۇن. (ئامىن)

[1] سۈرە رۇم 41 ـ ئايەت

## لوقمان ھەكىم نەسىھەتلىرىدىن

- كىمگە پەند ـ نەسىھەت قىلساڭ ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ ئەمەل قىل.
- دوستۇڭنى قىيىن كۈندە سىنا.
- دوستتىن پايدا ـ زىيىاندا ئىمتىھان ئال.
- ئەخمەق ۋە نادان ئادەملەردىن قاچ.
- دانا ۋە زىرەك كىشىنى دوست تۇت.
- ساپ دىل ۋە دانا كىشىلەرنى مەسلىھەتكە تەكلىپ قىل.
- سۆزنى ئىسپاتى بىلەن سۆزلە.
- ئاتا ـ ئانىنى غەنىمەت بىل.
- ئۇستازنى ئاتىدىن ئەزىز بىل.
- بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىڭدە كۆز ۋە تىلىڭغا ئېھتىيات قىل.
- كېچىدە سۆزلىسەڭ ئاستا ۋە مۇلايىم بول. كۈندۈزى سۆزلىسەڭ ئەتراپىڭغا بېقىپ سۆزلە.
- ھەر ئىشنى ئاۋۋال ئويلاپ چارە ـ تەدبىر بىلەن قىل.
- بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.
- ئۆزۈڭدىن چوڭغا چاقچاق قىلما.
- باشقىلارنىڭ ئالدىدا بارماقلىرىڭنى ئېغىز ـ بۇرنۇڭغا تىقما.
- ئېيتقان سۆزلىرىڭنى تەكرارلىما.
- ھەممە ئادەمنى ھۆرمەتلەشنى ئۇنتۇما.
- ئىشتا ئالدىراقسانلىققا يول قويما.
- قۇياش چىققۇچە ئۇخلاپ ياتما.
- باشقىلارنى قارىتىپ قويۇپ نەرسە ـ كېرەك يېمە.
- چوڭلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمە.
- باشقىلارنىڭ سۆزىگە قوشۇق سالما.
- كوچىلاردا بىكار ـ تەلەت ۋە سايىاقلار بىلەن بىللە تۇرما.

ـ ئەۋلات تورىدىن ئېلىندى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ھىجاب توغرىسىدا

سىراجىدىن ئەزىزى

ئاياللارنىڭ ئىسلامچە كىيىنىشى «قۇرئان كەرىم»دە «ھىجاب» نامى بىلەن تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، مۇسۇلمان ئايالغا نىسبەتەن ھىجابلىنىش ھېچقانداق ئۆزرە تەلەپ قىلمايدىغان كەسكىن پەرزدۇر.

يېقىندا ۋەتىنىمىزدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا پەرمان چۈشۈرۈپ قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياغلىق چېگىشىنى قەتئىي چەكلىگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر پاكىتلىق ھالدا ئىجتىمائىي ئالاقە تور بەتلىرىگە تارقىلىپ، كەڭ ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى.

شۇنىڭدىن بىرى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىز ئىزچىل بۇ ھەقتە مەندىن چۈشەنچە تەلەپ قىلىپ كەلدى. بۇ ھەقتە سورىغان قېرىنداشلارمۇ ئاساسەن «ھىجاب»نىڭ پەرزلىكىنى بىلسىمۇ، بېراق ۋەتەندىكى ئېغىر بېسىم ھەمدە نەچچە ئون مىڭلىغان ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھىجابى سەۋەپلىك ئوقۇشسىز قېلىش مۇقەررەرلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ «بۇ ھەقتە دىنىمىزدا ئالاھىدە ۋەزىيەت ۋە شارائىتلارغا قارىتا رۇخسەت قىلىش مۇمكىنچىلىكى بارمىدۇ» دېگەن ئۈمىدتە سورىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىمانىي ۋە ئىلمىي بۇرچ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، بۇ ھەقتە چامىمنىڭ يېتىشىچە ئىزدەندىم.

ئىزدىنىش جەريانىدا شۇنى بىلدىمكى، ھېچبىر ئالىم «ھىجاب»نى تەرك ئېتىشنىڭ جايىزلىقىغا پەتىۋا چىقارماپتۇ. ئاخىرى مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئەڭ كەڭرى يولنى تەشەببۇس قىلىدىغان «مۆتىدىل» دەپ ئاتالغان، ھەتتا خەلقىمىز ئىچىدىكى بەزى قېرىنداشلىرىمىز «يۇسۇپ قەرداۋى ھارام دەپ پەتىۋا بېرىشنى بىلمەيدۇ، ھەممە نەرسە ۋە ھەممە ئىشنى ھالال دەيدۇ» دەپمۇ ئۆلگۈرگەن شەيخ ئۇستاز، مۇجتەھىد يۇسۇپ قەرداۋىنىڭ بۇ ھەقتە «ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى» ناملىق كىتابىدىكى «مۇسلىمەلەرنىڭ ھىجابتىن چەكلىنىشى» ماۋزۇلۇق پەتىۋا ماقالىسىنى قايتا ـ قايتا كۆرۈپ چىقتىم. شەيخ قەرداۋى مەزكۇر ماقالىسىدە «قايسىبىر دۆلەتتىكى مۇسلىمەلەر ھىجابتىن چەكلەنگەنلىك سەۋەبى بىلەن ھىجابنى تەرك ئەتسىمۇ بولىدۇ» دېگەن پەتىۋانى بېرىپ باقماپتۇ.

دوكتور، ئۇستاز شەيخ قەرداۋى مەزكۇر پەتىۋاسىدا «فرانسىيە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا، بەلكى بارلىق مەكتەپلەردە ھىجابنى چەكلىدى، مۇسۇلمان قىزلار قانداق قىلىشى كېرەك؟» دېگەن سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: «ياۋروپا تەتقىقات ۋە پەتىۋا كومىتېتى» 1997 ـ يىلى مارت ئېيىدا غەرب، شەرق، بەلكى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى دۇچ كېلىۋاتقان «ھىجاب» توغرۇلۇق پەتىۋا چىقىرىپ «ھەرقانداق بىر مۇسلىمە ئاللاھنىڭ ھىجاب ھەققىدە نازىل قىلغان «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان

بولىدۇ.»[1] دېگەن ئايەتتىكە شەكسىز قۇلاق سېلىشى ۋە ئىتائەت قىلىشى لازىم» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

«ھىجاب» سۆزى ئاياللارنىڭ بەدىنىنىڭ يۈز ۋە ئالقانلىرىدىن باشقا جايلىرىنى پۈتۈنلەي يۆگەش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، مۇسۇلمەلەرنىڭ بۇ پىرىنسىپقا ئەمەل قىلىشى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرۇغان كەسكىن پەرزدۇر.

ھىجابنىڭ پەرزلىكى ھەققىدە ئالىم-ئۆلىمالار، مۇجتەھىدلەر ۋە مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئوخشىمىغان قاراش مەۋجۇت ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا ھىجاب **1400** يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئىسلام تارىخىدا مۇسۇلمەلەرنىڭ ئەقىدە بىلەن زىچ باغلانغان كىيىنىش ئادىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ھەرخىل نام ۋە سىياقلاردىكى مۇستەملىكىچىلەر ئىسلام دىيارلىرىنى ئىشغال قىلىش قەستىدە بولغان خىلى ئۇزاق مەزگىللەردىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى مۇسۇلمانلارغا مەجبۇرى تېڭىپ، زورلاپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە ئىدىيولوگىيەلىرىدە غەربلىشىش ۋە ئىسلام پىرىنسىپلىرىدىن چەتنەش ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلىشقا باشلىدى.

مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھەرخىل سۇيىقەست ۋە ھىلە-مىكىرلىرى سەۋەبلىك ئىسلامنىڭ ھەققىي روھى بىر مەزگىل يېتىمسىرەپ قالغاندەك قىلسىمۇ، يەنىلا مۇسۇلمانلاردا ئىسلام ئويغىنىشى باشلانغاندىن بېرى مۇسۇلمانلار ئۆزىدە ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، دىنىغا قايتىپ، دىنى ۋە مىللىي كىملىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇسلىمە خانىم-قىزلىرىمىز ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بەس-بەستە ھىجابلىنىشنى تاللىۋالغان ئىدى.

ياۋروپا پەتىۋا كومىتېتى شۇنى تەكىتلەيدۇكى، بالاغەتكە يەتكەن ھەربىر مۇسۇلمە شەرىئەتنىڭ ھىجاب توغرىسىدىكى بۇيرۇقلىرىغا قەتئىي ئەمەل قىلىشى لازىم. بۇ ھۆكۈمگە ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايەتلىرى دەلىلدۇر: «مۇئمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسى شەھۋىتى يوقلار)دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار.»[2]

«ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ-دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. ئاللاھ (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»[3]

مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ ھۆكمى بويىچە ھىجابلىنىش مۇسۇلمەلەرگە كەسكىن پەرزدۇر. مەيلى دىن، ئەخلاق، قانۇن، ئۆرپ-ئادەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ مۇسلىمەلەرنى ئەقىدىسى ۋە ۋىجدانىغا خىلاپ ئىشلارغا زورلاش قەتئىي توغرا ئەمەس. ناۋادا شۇنداق قىلىنسا، بۇ، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا جەڭ ئېلان قىلغانلىقتۇر.

بۇ خىلدىكى ئېتىقادىي ۋە ئۆرپىي زوراۋانلىقلار دىكتاتورلۇق خاھىشىغا ئىگە باشقا مۇستەبىت دۆلەتلەردە يولغا قويۇلۇپلا توختاپ قالماستىن، ئىنسان ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە ئادالەتنى شۇئار قىلغان فرانسىيەدە يولغا قويۇلۇشى زادىلا ئادەمنىڭ

[1] سۈرە ئەھزاب 36-ئايەت

[2] سۈرە نۇر 31-ئايەت

[3] سۈرە ئەھزاب 59-ئايەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ.

ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنىڭ پەرز-ۋاجىپلىرىنى بىجا كەلتۈرۈشى، ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پەرمانلىرىغا بويسۇنۇشى پەرزدۇر. ھېچبىر شەخس ياكى كوللېكتىپنىڭ بۇ پەرزنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇرلاش ھوقۇقى يوق. ھەممىگە مەلۇمكى، ھىجاب مەسىلىسى مۇسلىمەلەرنىڭ دىنى ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ئەركىنلىك دائىرىسىگە كىرىدۇ. دۇنيادىكى ھېچقانداق قانۇن-تۈزۈم، ھەتتا خەلقئارا قانۇنلارمۇ ھېچبىر ئادەمنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكىگە چەك قويالمايدۇ ۋە قويسا بولمايدۇ.

غەربنىڭ ئەلمانى (دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىش پرىنسىپى) ۋە لىبېرال (شەخسىي مەنپەئەت ۋە كىشىلىك ئەركىنلىكنى كۆچەپ تەشەببۇس قىلىدىغان بىر خىل ئېقىم) تۈزۈلمىلىرى دائىم ئۆزىنىڭ دىنغا قارشى ئەمەسلىكىنى ۋە ئۇنى تەشەببۇس قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ئىزچىل بىتەرەپ مەيداندا تۇرىدىغانلىقىنى داۋراڭ قىلىشىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ بۇ شۇئارى بويىچە بولغاندا «ئايال كىشى يېرىم-يالىڭاچ يۈرەمدۇ ياكى ئىسلامى ھىجابلىنىپ يۈرەمدۇ ھېچكىمنىڭ ئارىلىشىش ھەققى يوق» دېگەن گەپ. ئۇنداقتا «باراۋەرلىك، ئەركىنلىك ۋە قېرىنداشلىق» شوئارىنى دۆلەت گىمنى قىلغان فرانسىيەگە ئوخشاش بىر ياۋروپا دۆلىتىدە يېرىم-يالىڭاچلىققا تەرغىب قىلىنىپ، ھىجابلىنىشقا قارشى تۇرسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ بۇ قىلغىنى قوش ئۆلچەم قوللانغانلىق ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك بولماي نېمە؟!

دىنسىز كوممۇنىستلار دىنغا ئوچۇق-ئاشكارا قارشى مەيداندا تۇرۇپ، «دىن خەلقنى زەھەرلەيدىغان ئەپيۇن» دەپ قارايدۇ.

بەزى فرانسىيلىكلەر «ھىجاب»نى دىنى سىمۋول دەپ قاراپ، ئۇنى چەكلەش تەرەپدارى بولغان. ئەمما «ھىجاب» دىنى سىمۋول بولماستىن، بەلكى ئاياللارنىڭ بولۇپمۇ مۇسلىمەلەرنىڭ ئەۋرەتلىرىنى يۆگەش ئۈچۈن كىيىدىغان كىيىملىرىدۇر. سىمۋول دېگەنلىك كىشلەرنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشى بىلەن زىچ ئالاقىسى بولمىغان شۇئاردىن ئىبارەتتۇر.

مەسىلەن: كىرىس بەلگىسى، يەھۇدىلارنىڭ داۋۇت يۇلتۇزى، بېشىدىكى كىچىك دوپپىسىغا ئوخشاش. لېكىن ھىجاب يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن شەرئىي پەرز ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى جىددىي زۆرۈرىيەتتۇر. ماقۇل، بىر قىسىم فرانسۇزلار ئېيتقاندەك «ھىجاب»نى دىنىي سىمۋول دەپمۇ تۇرايلى، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن خرىستىئانلار كىرىس بەلگىسىنى ئېسىشتىن چەكلەنمەيدۇ، يەھۇدىلار داۋۇت يۇلتۇزىدىن چەكلەنمەيدۇ-يۇ، مۇسلىمەلەر ھىجابتىن چەكلىنىدۇ؟! بۇنى قانداق ئادالەت، قانداق ئەركىنلىك دەيمىز؟!

فرانسىيە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ياۋرۇپادىكى بارلىق ئەركىنلىك جارچىلىرى، ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش تەشەببۇسچىلىرى بولغان دۆلەتلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دۇنيادىكى بارلىق شەخس ۋە كوللېكتىپلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسى ۋە ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ياۋرۇپا ئۆزىگە ئوخشىمايدىغان ئىرق، دىن ۋە مەدەنىيەتلەرگە ھۆرمەت قىلىشى لازىم.

بىز يەنە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئىسلام ئالىملىرى، مۇپتىلار، دىنى ۋە تەلىم-تەربىيە ساھەسىدىكى كىشلەردىن «ھىجاب»تىن ئىبارەت ئىسلامچە كېيىنىش ئۇسۇلىنىڭ دىنىمىزدا ئوچۇق بەلگىلەنگەن شەرئىي پەرز ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ مۇستەھكەم تۇرۇشنى ۋە مەدەنىيەتلىك دۇنيا ۋە دۇنيا ئەھلىنى ئىنسانلارنىڭ دىنى، ئىنسانىي ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلىشقا چاقىرىشنى تەشەببۇس قىلىمىز». (قەرداۋىنىڭ پەتىۋاسى تۈگىدى)

ئۇيغۇر مۇسۇلمان خانىم-قىزلىرىمىز ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان «ھىجاب» مەسىلىسى ھەقىقەتەن ئېغىر مەسىلە. ۋەتىنىدىكى مۆتىۋەر ئالىم-ئۆلىمالار بۇ ھەقتە ئەمەلىي شارائىت ۋە رېئال ئەھۋالغا قارىتا شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم.

ئىسلامدا ئوچۇق ئاشكارا بايان قىلىنغان پەرز-ۋاجىپلاردا ھېچ كىشىنىڭ خالىغانچە پەتىۋا بېرىش، مۇرەسسە قىلىش، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ بېرىش ھەققى يوق. ئىبادەت، يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەكلەردە مەجبۇرلىنىپ، ھاياتى خەتەرگە يولۇقمىغانلا بولسا،

شەرىئەت كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلىشقا قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

ياغلىق چېگىش مەسلىسىدە ياغلىقنى ھەققىي ھىجاب شەكلىدە چېچىنى مۇكەممەل يۆگەپ چېگىش كېرەك. ياغلىقنى ئارقىدىن چېگىش، چېچىنىڭ بىر قىسمىنى ئوچۇق قويۇپ چېگىش قاتارلىقلار شەرىئەتتە تەلەپ قىلىنغان ھىجاپ ئۆلچىمىگە چۈشمەيدۇ. ۋەتىنىمىزدىكى ھىجابلانغان خانىم-قىزلار شەرىئەت كۆرسەتكەن «ھىجاب» ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كىيىملەرنى كىيىشى لازىم. جىلباب كىيگەن ۋە روپاش بولغانلارمۇ قىممىتى چەكتىن ئاشقان، ئادەتتىن تاشقىرى جەلپ قىلارلىق جىلبابلارنى كىيمەسلىكى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. «ھىجاب»تىن بولغان مەقسەت مۇسلىمەلەرنىڭ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشتىن ساقلىنىش بولۇپ، ئالا-بۇلا، تار كىيىملەر، ئادەتتىن تاشقىرى قىممەت باھالىق جىلباب ۋە مۇسلىمەلەرنىڭ فىگورىلىرىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان پەلتولار ئارقىلىق ھىجابلىنىش شەرىئەت بۇيرىغان «ھىجاب» بولماستىن، بەلكى چەكلەنگەن كىيىملەردۇر. بۇلار ھەرگىزمۇ شەرىئەت پەرز قىلغان «ھىجاب» دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

قىز ستۇدېنتلارنىڭ ياغلىق چەككەنلىكى سەۋەبلىك مەكتەپتىن قوغلىنىشى شۇ يەردىكى ھاكىمىيەت ئۆزى چىقارغان «دىنغا ئىشىنىشمۇ، ئىشەنمەسلىكمۇ ئەركىنلىك» دېگەن پىرىنسىپىغىمۇ خىلاپتۇر.

بۇنداق شارائىتتا ۋەتىنىمىزدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز قىزلارنى يالغۇز تاشلاپ قويماستىن، ئۇلارغا ئىگە بولۇشى، (ئەگەر ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى ئۆزى تۈزگەن قانۇنلارغا ئەمەل قىلىدىغانلا ئىش بولسا) ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى «قانۇن» بويىچە تەلەپ قىلىشى كېرەك. بۇگۈن ياغلىق چەككەنلەرنى چەكلىسە، ئەتە مۇسۇلمان بولغانلىنى چەكلەيدۇ. نىمە دېسە «خوش» دەپ تۇرۇۋەرسە، ھەددىدىن ئېشىپ كەدەنگە مىنىش مۇستەملىكچىلەرنىڭ ئورتاق سۈپىتىدۇر. ئوچۇقنى ئېيتقاندا، ئۇلار ئاخىرىدا «سىنىڭ ياشاش ھەققىڭ يوق» دېيىشتىنمۇ يانمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەمشىرىلىرىمىز مەزكۇر شەرئىي پەرزگە قارىتا دۆك كىچىك ئىزدەپ ئاۋارە بولماسلىقنى، مەخلۇقتا ئىتائەت قىلىش يولىدا خالىق (ياراتقۇچى) ئاللاھقا گۇناھكار بولۇپ قالماسلىقلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن. ياغلىق مەسلىسى ئەسلىدە ئازغىنە بىر تۈركۈم ستۇدېنت ھەمشىرىلىمىزنىڭ خۇسۇسىي مەسلىسى بولماستىن، بەلكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مەسلىسىدۇر، پۈتۈن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇق مەسلىسىدۇر. بۇ، ئون ئەسىردىن ئارتۇق ئىسلام ئەنئەنىسىگە ئىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەۋجۇتلۇق مەسلىسىدۇر. بۇ، بىر مەيدان ئېغىر مەدەنىيەت زورلاۋانلىقىدۇر. شۇڭا بۇ ھەقتە قولىدىن كېلىدىن ئامال چارىلەرنى ئىشلىتىپ، دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىنىڭ نامايەندىسى بولغان «ھىجاب»نى قوغداپ قېلىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.

## ساھابە ۋە تابىئىنلار سۆزلىرىدىن

➢ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن تۇنجى پىتنىلىق توقلۇق بولدى. كىشىلەرنىڭ قورساقلىرى تويۇۋدى، نەپسلىرى ئۇلارنى دۇنياغا سۆرەپ ئەكىردى.

—- ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا

➢ دىل قازان، تىل چۆمۈچتۇر. بىر كىشىنىڭ سۆزىگە ئۇبدان دىققەت قىلغىن. چۈنكى ئۇنىڭ تىلى دىلىدىكى ئۇسۇپ ئالىدۇ.

—-يەھيا ئىبنى مۇئاز

➢ بىراۋنىڭ بىھۇدە ئىشلارغا بەنت بولۇپ يۈرگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنىڭ بىشارىتىدۇر.

— ھەسەل ئەل بەسرىي



# پىكرىي ئېقىملارغا نەزەر

ئابدۇللاھەد ئۆچقۇن

ئەتراپىمىزغا ئىنچىكىلەپ قارايدىغانلا بولساق زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ پىكرىي ئېقىملارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، بەزى ئىسلامىي پىرقىلەر ئارىسىدىكى قانلىق ئىچكى ئۇرۇشلار ۋە ھەرخىل پىتنە-پاساتلارنىڭ پىرقىلەر ئارىسىدىكى پىكرىي ئوخشىماسلىقلار سەۋەبىدىنلا بارلىققا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

دۇنيادىكى پىكرىي ئېقىملەرنىڭ سانى كۆپ بولغاندەك، ئۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگىمۇ تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر مۇ ئىنتايىن كۆپ.

بۇلارنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1 - ھاكىمىيەتنىڭ بېسىملىرى ياكى سىياسەتچىلەرنىڭ ھەرخىل مۇددىئالىرى سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن «سىياسىي ئېقىملار».

2 - پەيلاسوپلار ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىسلام ئىدىيەسى ھەققىدىكى ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچە ۋە كۆز-قاراشلىرى سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن «ئىدىيەۋى ئېقىملار».

3 - دىنى ئۆلىمالارنىڭ ھەر تۈرلۈك فىقھىي مەسىلىلەردىكى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلىرى ۋە پەتىۋالىرى سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن «فىقھىي ئېقىملار».

ئىسلام دۇنياسىدىكى شىئە، خاۋارىج، مۇئتەزىلە، ئەبازىيە ۋە ئەھباش قاتارلىق يۈزلىگەن مەزھەپلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىگە قارايدىغانلا بولساق، يۇقىرىدىكى 3 خىل كاتىگورىيەنىڭ بىرىگە كىرىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بارلىققا كېلىش سەۋەبىنىڭ قانداق بولۇشى ۋە ئۇنىڭ قايسى تۈرگە كىرىشىدىن قەتئىينەزەر، بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، پىكرىي ئېقىمنىڭ رولى مۇھىم بولۇپ، بىرەر دىنىي جامائەت ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان ھەر قانداق بىر پىكرىي ئېقىم مەزكۇر جامائەت ئەزالىرىنىڭ ئەقىدىسى، ئەمەل-ئىبادەتلىرى، ئائىلە ھاياتى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى ھەتتا ئۇلارنىڭ سۆز ھەرىكەتلىرىگىچە مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزى تۇتۇپ ماڭغان يولىنىڭ چوقۇم «قۇرئان كەرىم» ۋە «سۈننەت»نىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئىسلام دىنى بارلىق مۇسۇلمانلارنى كۆپ ئىزدىنىشكە، كۆپ پىكىر-تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلىمالارنى ئىجتىھات قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. ھەتتا ئىجتىھات جەريانىدا خاتالاشقانلارغىمۇ بىر ھەسسە ساۋاب ۋەدە قىلدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان «ئاللاھ بۇ ئۇممەتكە ھەر يۈز يىلنىڭ بېشىدا دىنىنى يېڭىلايدىغان بىر كىشىنى ئەۋەتىدۇ»[1] دېگەن ھەدىس ئىسلام دىنىنىڭ تارماق مەسىلىلىرىگە ئائىت چۈشەنچە-ئۇقۇملىرىنىڭ زامانىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ماكانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن يېڭىلىنىپ تۇرۇشقا ئېھتىياجى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

---

1 ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاھىي ۋەھيىدىن ئىبارەت ئۆزگەرمەيدىغان ئاساسلىرى ۋە ئۆزگىرىش قوبۇل قىلىدىغان تارماق مەسىلىلىرى بار بولۇپ، ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي مەقسەت ۋە مۇددىئالىرىدىن چەتنىمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، مەزكۇر مەسىلىلەرگە قارىتا ھەرخىل ئوقۇم ۋە چۈشەنچىلەرنى بايان قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ بىر-بىرىگە قارشى پىكىر بايان قىلىشى، ھەرگىزمۇ ئىلاھىي ۋەھيىگە قارشى پىكىر بايان قىلغانلىق ھېسابلانماستىن، بەلكى ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ مەقسىتىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئەگەر بىز ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق پىكرىي ئىختىلاپلار ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان بولساق، كۆپىنچە ئىختىلاپلارنىڭ ئىسلامنىڭ ئۆزگەرمەس ئاساسلىرى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى شاخچە مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.

ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەبلەر ئىچىدىن چىقىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بارلىق دىنلار ۋە ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى، ئىلگىرىكى دىنلارنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل خاھىشلىرى ۋە ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە خىزمەت قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقانلارغا قارىتا چوڭ زەربە بولدى. شۇ سەۋەبتىن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋىتىگە جان-جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن ئىسلام-دۈشمەنلىرىنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ بولدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشى نەتىجىسىدە ھىجرەت دىيارى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇپ، ھەقىقەتنىڭ نۇرى چاقناشقا باشلىغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك ئىمانى، تەۋرەنمەس ئىرادىسى ۋە بىرلىك ئىتتىپاقى ئالدىدا چارىسىز قالغان ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانچە قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىسلامىي سەپتە پىتنە پەيدا قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش ئارقىلىق ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا ئاتلاندى. زامانىمىزغىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل رەزىل ھەرىكەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىلا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكمەتلىك تەدبىرى، ئەقىل-پاراسىتى ۋە ھوشيارلىقى ھەرقانداق چوڭ-كىچىك پىتنىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا يېتىپ ئاشاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا باشلانغان دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرى، ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ بۆلۈنۈش ۋە پارچىلىنىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. زاماننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مەزكۇر دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپىيىپ، شەكىللىرى ئۆزگىرىپ، ئەڭ خەتەرلىك باسقۇچقا كىردى. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئەھۋاللارغا قارىتا پەرۋاسىزلارچە مۇئامىلىدە بولۇپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانماسلىقى ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق بىر ئەھۋال.

زامانىمىزدىكى پىكرىي ئېقىملار ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدىن باشلانغان 1430 يىللىق سىياسىي تارىخىمىزغا نەزەر سېلىشقا ۋە سۆزنى ئەڭ باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

مىلادىيەنىڭ 632-يىلى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا خەلىپىلىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇغقانلىرىغا مىراس قىلىشى كېرەك دېگەندەك پىتنە-ئىغۋالار تارقالغان بولۇپ، ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ئوخشاش چوڭ ساھابە كىراملارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە خەلىپىلىك مەسىلىسى ئىسلام كۆرسەتمىسىدىكى كېڭەش يولى ئارقىلىق ھەل قىلىنغان ۋە 4 مەشھۇر خەلىپىنىڭ ئالتۇن دەۋرى باشلانغان ئىدى. ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ پىتنىخورلۇق، ئىغۋاگەرلىك ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە مەزكۇر تۆت خەلىپىدىن ئۈچى شېھىت قىلىندى. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر بىن خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، گەرچە، ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنىلا ئاشۇ كېڭەش يولى

www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق خەلىپىلىك تەختىگە چىققان بولسىمۇ «خەلىپىلىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقىنى بولغان ئەلى بىن ئەبۇ تالىپقا مىراس قىلىنىشى كېرەك ئىدى» دەيدىغان پىتنىخورلارنىڭ پىتنىسىگە دۇچ كەلدى. بۇلار ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ پىلانلىق ئىغۋاگەرچىلىكى ئىدى.

جاھىلىيەت دەۋرىدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىنچى چوڭ دادىسى ئابدۇمەنافنىڭ جەمەتىدىن بولغان، بىر نەۋرە ئىككى ئائىلە، بەنى ھاشىم ۋە بەنى ئۇمەييە (ئابباسىيلار ۋە ئەمەۋىيلەر) ئوتتۇرىسىدا ئىچكى زىددىيەت ۋە ئاداۋەتلەر ئۇزۇن يىللار داۋام قىلغان بولسىمۇ، ئىسلام نۇرى سايىسىدا ئۇنىڭغا تەلتۆكۈس خاتىمە بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى دوستلۇققا ئايلىنىپ بولغان ئىدى. ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ مەزكۇر ئىچكى زىددىيەت ۋە ئاداۋەتلەرنى ئەسلەتكەن ھالدا، ئەمەۋىيلەر ئائىلىسىدىن كەلگەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە ھەرخىل پىتنىلەرنى تارقىتىش ئارقىلىق، ساماننىڭ تېگىدىن سۇ قويۇشتەك رەزىل ھەرىكەتلىرى ئارىدىكى ئىچكى زىددىيەتنى قايتىدىن يىلتىز تارتقۇزۇپ، ئۇنىڭغا قارشى دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتتى. نەتىجىدە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىت قىلىنىشى، ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ زەنجىرسىمان پىتنىلەرنى بارلىققا كېلىشكە يول ئاچتى. ئەلى بىن ئەبۇ تالىپنىڭ سېپىدىكىلەردىن خاۋارىجلار ۋە شىئەلەر ئوتتۇرىغا چىقتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدا ئۈچ چوڭ خەلىپىلىك بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئەمەۋىيلەر، ئابباسىيلار ۋە ئوسمانىيلاردۇر. ئەمەۋىيلەر خەلىپىلىكى ئاران 91 يىل ھۆكۈم سۈردى. ئابباسىيلا خەلىپىلىكى 750-يىلى قۇرۇلۇپ، 1258-يىلى ئاغدۇرۇلدى. ئاندىن ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى1299-يىلى قۇرۇلۇپ، 1923-يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 624 يىل داۋام قىلغان ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى ئاغدۇرۇلۇپ، ئىسلام دۇنياسى 70 نەچچە دۆلەتكە پارچىلانغاندىن كېيىن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق كۈنلىرى باشلانغان بولۇپ، ئۆتكەن بىر ئەسىردىن بۇيان ئىگە چاقىسىز قالغان يېتىم باللارغا ئوخشاش تەرەپ-تەرەپتىن ھەرخىل بېسىملارغا ئۇچراپ، يەكلىنىپ ۋە بوزەك قىلىنىپ كەلمەكتە.

ئىسلام دۈشمەنلىرى ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىدىن پارچىلانغان دۆلەتلەرنىڭ قايتا بىرلىشىپ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ قېتىم ئاتالمىش «ۋەتەنپەرۋەرلىك» ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە، ھەر بىر ۋەتەننىڭ خەلقى ئۆز ۋەتىنىنىلا سۆيۈشى، ئۆز ۋەتىنىگىلا خىزمەت قىلىشى ۋە باشقا بىر دۆلەتنىڭ پايدا مەنپەئەتى بىلەن ئىشى بولماسلىقى كېرەك، دېگەندەك ئىدىيەلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق، بىر مىللەت ھېسابلىنىدىغان ئەرەبلەرنى بىرنەچچە ئون دۆلەتكە پارچىلاش، ئۇلارنى بىر-بىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش قاتارلىق يامان غەرەزلىرىدە تولۇق غەلىبەقىلغاندىن كېيىن، ياۋروپادا ئومۇملاشقان دىنىي-دۆلەتتىن ئايرىشتىن ئىبارەت «دىنسىزلىق ئېقىمى»نى سۆرەپ كېلىپ، پارچىلىنىپ نىمجان ھالەتكە كېلىپ قالغان ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مەزكۇر دىنسىزلىق ئېقىمنى قوبۇل قىلغانلارغا ئۆتكۈزۈش پىلانىدىمۇ غەلىبە قىلدى.

يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىن زېمىنىدا ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىككى مىڭ يىللىق شېرىن چۈشىنىڭ ھەقىقەتكە ئايلىنىشىغا ئەڭ چوڭ توسالغۇ بولغان ئوسمانلى خىلاپىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئارقىلىق بۇ رايوندىكى ئەرەبلەرنى ۋە بارلىق ئىسلام ئۈممىتىنى تۈگمەس، پۈتمەس ئايىغى يوق جەڭگى-جېدەل پاتقىقىغا ئىتتىرىپ قويدى.

ئەڭ ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن پۈتۈن ئىسلام دەۋلەتلىرى غەرب ئەللىرىدىن بىرىنىڭ ئىستېلاسىغا ئۇچراش ۋە يا شۇ كۈچلەردىن بىرىگە بېقىندى بولۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولۇش ئارقىلىق ۋاستىلىك ھالدا غەربنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

پۈتۈن ئىستېلاچى كۈچلەرنىڭ سىياسىتى

بىردەك ھالدا ئۆز مۇستەملىكىلىرىدە ياشايدىغان كىشىلەرنى مۇمكىنقەدەر بىلىمسىز، جاھىل قالدۇرۇش، ئىجتىمائىي جەھەتتىن چىرىكلەشكەن، جەمئىيىتى بۇزۇلۇپ ئەخلاقسىزلىقلار ۋە رەزىللىكلەر بىلەن تولغان قالايمىقان بىر ھالەتكە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنى ئاشۇ ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە ۋە بارلىق شەخسلىرىگە ھەر تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئېغىر دەرىجىدە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچلىرىنى يوقۇتۇشنى، ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن تۆۋەن كۆرىدىغان ھېسسىياتقا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى بىر ئادەم ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئىززەت-ھۆرمەتنى ۋە كىملىكىنىمۇ يوقىتىدۇ، ھېچقانداق بىر ئىشتا غەلىبە قىلالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىي قىلىش رىغبىتىمۇ يوقايدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ مەنىۋى كۈچى ۋە روھى دۇنياسى ئاجىزلايدۇ. ئاخىردا قارشى تەرەپكە قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە تاقابىل تۇرۇش كۈچىدىنمۇ ئايرىلىدۇ. نەتىجىدە قارشى تەرەپنىڭ تەلەپلىرىنى شەرتسىز ۋە قارشىلىقسىز ئورۇنلايدىغان بىر ھالغا كېلىدۇ.

ئۇزۇن يىللار مۇستەملىكە ئاستىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىگە سىڭدۈرۈلگەن قورقۇنچاقلىق، يۈرەكسىزلىك ۋە جاسارەتسىزلىك ھېس-تۇيغۇلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھېچ ئىشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىغا، ھېچقانداق قابىلىيىتىنىڭ يوقلىقىغا تەن بېرىپ بولغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ نەتىجە يارىتىشى ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ. شۇڭلاشقا ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ بۇ خىل پسىخىك ئاجىزلىقلىرىمىزدىن قۇتۇلۇش بىلەن بىرگە ئىدىيەنى ئازاد قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام دۈشمەنلىرى ئۆتكەن بىر ئەسىرنىڭ مابەينىدە ئىسلام كۆرسەتمىسىدىكى تەلىم-تەربىيە سىستېمىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى ئەۋلاتلارنى ئىسلام تەلىماتىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىگە ئىسلام ئۈممىتىنى بىلىمسىز، مەدەنىيەتسىز، قالاق، ئاجىز، كۈچسىز كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەرب ئەللىرىنىڭ ئوبرازىنى يۇقىرى سەۋىيەلىك ۋە چىرايلىق كۆرسەتتى، غەرب تىللىرىنى ئومۇملاشتۇردى. ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق شوئارلىرى ئاستىدا ئىجتىمائىي ئەركىنلىك، ئىككى جىنسىي ئەركىنلىك، ئەر-ئايال باراۋەرلىكى، ئوغۇل-قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىلىشىپ ئوقۇشى، بىرگە خىزمەت قىلىشى قاتارلىقلارنى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە، ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشىغا قارشى چىقتى. ھاراق-شاراب ۋە ھەرخىل چېكىملىكلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە بەزمىخانا، مەيخانا قاتارلىق ئەخلاقسىزلىق مەركەزلىرىنى كەڭ-كۆلەمدە يولغا قويدى. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، يېڭى ئەۋلاتلارنى ھاۋايى ھەۋەس ۋە كۆڭۈل خاھىشلىرىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇشقا ئادەتلەندۈردى. چۈنكى بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خاھىشلىرىنىڭ قۇلىغا ئايلانغاندىن كېيىنلا، ئىنسانلىق دەرىجىسىدىن چۈشۈپ ھايۋانغا ئايلىنىدۇ-دە، ئۇنىڭغا كۆڭۈل خاھىشلىرى ۋە شەھۋەتلىرى روھى قىممەتلەردىن ئۈستۈن بىلىنىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنداق ئىنسان مەدەنىي بولالمايدۇ. چۈنكى، مەدەنىيەتلىك ئىنسان ئۆزىنىڭ روھى دۇنياسى بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق ساقلىيالايدىغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ كۈچلۈك روھى دۇنياسى ۋە ساغلام ئەقلى، ئۇ كىشىنى ھەرخىل ياخشى نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئۈندەيدۇ.

ئىسلام ئۈممىتى بۇندىن بۇرۇنمۇ كۆپ بالايىئاپەتلەر ۋە ھەرخىل كىرىزىسلارغا دۇچ كەلگەن ئىدى، ئەمما تارىختىن بۇيان ھازىرقىدەك خورلۇق چەككەن ۋە ياكى بۇنچە ئېغىر كۈنگە قالغان ئەمەس. زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ-مۇسۇلمانلارغا قارشى، دىن دۈشمەنلىرى بىلەن ئىچكى جەھەتتىن تىل بىرىكتۈرۈشى، ھەمكارلىق تۈرغۇزۇشى ۋە ئۇلارغا سىر بېرىشتەك پەسكوي جىنايى قىلمىشلىرى، ئىلاھىي ئادالەتنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاراتقان جازاسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ھالى-ئەھۋالىنىڭ كۈندىن كۈنگە خاراپلىشىشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتقانلىقىدا شەك يوق.

بىز ئەگەر ئۆزئارا ھەمكارلىشالايدىغان، بىر-

www.uyghurkitap.com

بىرنى كەچۈرۈشۈپ، ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغدىيالايدىغان، مەسىلىلەرنى ئىلمى ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەل قىلالايدىغان، ئىسلامى قېرىنداشلىق ئۇستىگە قۇرۇلغان بىر جەمئىيەت بەرپا قىلماقچى بولساق، ئىسلام دىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمى يوسۇندا سۆھبەتلىشىش قائىدىلىرىنى ئۆزىمىزدە ئۆزلەشتۈرۈشىمىز لازىم. چۈنكى، بۇ دۇنيا ھاياتىنى سىناق ئۈچۈن ياراتقان ئۇلۇغ ئىگىمىز ئاللاھ تائالانىڭ ئىلاھىي ھېكمىتى بىر ـ بىرىدىن ھەر جەھەتتىن پەرقلىق بولغان، بەختلىك، بەختسىز، ياخشى ۋە يامان، ھەرخىل خۇي، مىجەز ۋە تەبىئەتكە ـ ئىگە ئىنسانلارنى بىرلا ۋاقىتتا يارىتىشنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەرخىل ئوخشاشماسلىقلارنى ۋە ئىختىلاپلارنى پەيدا قىلىشنى تەقەززا قىلغان بولۇپ، بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چىقىش يولى ئوخشىمىغان پىكىردىكىلەر بىلەنمۇ چىقىشىپ ئۆتۈش ۋە يېقىندىن ھەمكارلىق تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا سۈرە ھۇدنىڭ 118 ئايىتىدە: «ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، پۈتۈن ئىنسانلارنى پەقەت بىرلا ئۈممەت قىلغان بولاتتى. (شۇڭا) ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقا داۋام قىلغۇچىلاردۇر، پەقەت رەببىڭنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. زادى ئاللاھ ئۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياراتتى»دېيىش ئارقىلىق، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، باشقا ئايەتلەردە: «ئىنسانلارنىڭ ئەر ۋە ئاياللىدىن ئىبارەت ئىككى جىنس قىلىپ يارىتىلغانلىقىنى، بىرى ـ بىرى بىلەن تونۇشسۇن ئۈچۈن، ھەر خىل مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەرگە بۆلۈنگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تىللىرى، رەڭگى قاتارلىق ئوخشاشماسلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ، ئۇنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر ئىكەنلىكى»نى جاكارلىدى. دېمەك، شۇنچە كۆپ ئوخشاشماسلىقلارغا ئىگە ئىنسانلارنىڭ، پىكىر ـ تەپەككۇرلىرى، چۈشەنچىلىرى، تۇتقان يوللىرى ۋە مەزھەپلىرى، ھەتتا پىكرىي ئېقىملىرىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى تەبىئىي ۋە نورمال بىر ئەھۋال بولۇپ، ئاللاھ يولىدا خالىس خىزمەت قىلماقچى بولغان مۇسۇلمانلاردىن، مەزكۇر ئىختىلاپ سىناقلىرىدىن غەلىبىلىك ئۆتكەن ھالدا، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىكى، كۈچلىنىشى، ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەمما بەزىبىر تار نەزەر دائىرە ئىچىگە بېكىنىۋالغان، دىنى بىلىم سەۋىيەسى تۆۋەن ياشلارنىڭ، ئاللاھ يولىدا خالىس خىزمەت شوئارى ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ چۈشەنچىسىگە قارشى پىكىردە بولغانلارنى ئالدىراقسانلىق بىلەن كاپىر، پاسىق ۋە ياكى بىدئەتچى دەپ ھۆكۈم چىقىرىش ئارقىلىق، بىلىپ ـ بىلمەي مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىغا پىتنە ـ پاسات ۋە نەپرەت ئۇرۇقى چېچىشى، مۇسۇلمانلار سېپىدە بۆلگۈنچىلىككە سەۋەبچى بولۇشى، ئىسلام كۆرسەتمىسىدە قاتتىق چەكلەنگەن ۋە ئەيىبلەنگەن چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

ۋەتەندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ھەرخىل بۇزۇق ۋە خاتا پىكرىي ئېقىملارنىڭ كۈندىن كۈنگە كۆپىيىشى، غەرەزلىك تارقىتىلىۋاتقان ئىشەنچسىز دىنى ماقالىلەر، خاتا ۋە تەتۈر تەشۋىقاتلارنىڭ كۆپلۈكى، ئاقكۆڭۈل مۇسۇلمان ياشلىرى ئوتتۇرىسىدا دىنى جەھەتتىن چوڭ گاڭگىراش پەيدا قىلىپ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەلەملىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتماقتا.

شۇنى ئۇنۇتماسلىق لازىمكى، بىز ئەگەر «قۇرئان كەرىم» ۋە «سۈننەت»نىڭ نۇرى ۋە باشقا ئۆلىمالار ئوتتۇرىغا قويغان توغرا چۈشەنچىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزىمىزدىكى ئەۋزەللىكلىرىمىزنى توغرا بايقاپ، ئۇلارنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈشكە، يېتەرسىز تەرەپلىرىمىزنى ھېس قىلىپ، ئۇلارنى كۈنسېرى تولۇقلاشقا تىرىشساق، دىننى ئاللاھ نازىل قىلغان ئەسلى مۇددىئاسى بويىچە چۈشىنىشكە ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تىرىشساق، ئاللاھ تائالا چوقۇم بىزگە ياردەم قىلغۇسى ۋە بىزنى توغرا يول ئۈستىدە مۇستەھكەم ئالغا ئىلگىرىلەشكە مۇۋەپپەق قىلغۇسى، ئىنشائاللاھ.




# دەۋەتچىلىرىمىزدە ئۈچ غەلەت

ئابدۇللا مۇھەممەدئىمىن

## تېمىغا كىرىش:

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بىرى خەلقىمىزنىڭ دىنىمىزغا بولغان قىزغىنلىقى ۋە تەلپۈنىشىدە مۆئەييەن دەرىجىدە يۈكسىلىشلەر بولۇۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئومۇمى خەلقنىڭ دىنىي چۈشەنچىسى تۆۋەن، توغرا بولغان ئىسلامىي ئاڭ خىللا كەمچىل. ھەتتا مۇشۇ ساھەدە جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلىۋاتقان خىلى كۆپ ساندىكى قەدىردانلىرىمىزدىمۇ بۇ مەسىلىلەر تېخى تۈزۈك ھەل بولغىنى يوق. دىن يولىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى بۇ ھالەتنىڭ تېزراق ياخشىلىنىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىشساقمۇ، ئەمما ياخشىلاشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى، قەدەم باسقۇچلىرى توغرىسىدا نۇقتىلىق ئىزدىنىپ باققانلار، بىر يەرگە جەم بولۇپ ئورتاق پىكىرگە كېلىشكەنلەر ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك.

گەرچە مەزكۇر ھالەتنى ياخشىلاشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى ۋە قەدەم باسقۇچلىرى توغرىسىدا ئوبيېكتىپ پىلانلار ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلمىغان بولسىمۇ، بۇ ئارزۇيىمىزغا يېتىشتە ھازىرچە دەۋەتتىن ئۈنۈملۈكرەك بىر يول يوقلىقى شەكسىز. چۈنكى، «بۇ ئۇممەتنىڭ كېيىنكىلىرى چوقۇم ئىلگىرىكىلىرى ئىسلاھ بولغان نەرسە بىلەن ئىسلاھ بولىدۇ». ئىسلام تارىخىغا ئائىت ئەسىرلەردە پەيغەمبىرىمىز دەۋرىدىن باشلاپ ھازىرغىچە ھەر يۇرت ۋە ھەر قەۋمنىڭ ئىسلاھاتىدا دەۋەتنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

شەرىئەت ئۆلچىمىدە قىممەتقاراشلار، ھۆكۈملەر ۋە ئەمەللەرنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولماستىن، بەلكى ئۆزئارا پەرقلىق بولىدۇ. بەزىلىرى چوڭ ۋە بەزىلىرى كىچىك بولىدۇ، بەزىلىرى يىلتىز، بەزىلىرى شاخ بولىدۇ، بەزىلىرى ئاساس، بەزىلىرى تولۇقلىما بولىدۇ، بەزىلىرى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا ۋە بەزىلىرى قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ. بەزىلىرى يۇقىرى، بەزىلىرى تۆۋەن، بەزىلىرى ئەۋزەل، بەزىلىرى نائەۋزەل بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن ھەر بىر مۆئمىننىڭ ئەڭ تۈنجى قىلىدىغان ئىشى ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ دائىرىسىدىكىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتۇر. دېمەك، دەۋەتنىڭ ھەر بىر مۆئمىن، مۇسۇلماننىڭ كۈندىلىك ئەمەل تەرتىۋىدىكى ئەڭ ئاۋۋال ۋە تۈپكى ئورۇندا تۇرىدىغان ئالاھىدە بىر تۈرلىكى مۇھەققەق.

يۇقىرىقى قۇرلاردا دېيىلگەندەك دەۋەت ھەر بىر مۆئمىن-مۇسۇلماننىڭ بۇرچى. ئەمما بۇ ساھەدە مەخسۇس كەسىپلەشكەن، خۇسۇسىيلاشقان، مۇشۇ ساھەدە تەلىم ئالغان، مەخسۇس مۇشۇ ساھەدە ئىزدەنگەن، زامان ۋە ماكاننىڭ ئېھتىياجىنى چۈشىنىدىغان، ئۆزى دەۋەتنى قاراتماقچى بولغان ئاۋام-خەلقنىڭ يۈرىكىنى تېپىشىيالايدىغان بىر تۈركۈم ئاۋانگارتلارنىڭ بولۇشى تەخىرسىز بىر زۆرۈرىيەت. چۈنكى، ئادەتتىكى ئاۋام مۇسۇلمانلار ئۆز ئارىلىرىدا يەتكۈزۈشىدىغان دەۋەت بىلەن مەخسۇس كەسىپلەشكەن دەۋەتچىلەر ئاۋام خەلققە يەتكۈزىدىغان دەۋەتنىڭ تەلەپ، مەقسەتلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ ھەقتە ئايرىم بىر تېما سۈپىتىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى تېمىمىز مەخسۇس كەسىپي دەۋەتچىلىرىمىز ھەققىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ئاۋام دەۋەتى بىلەن مەخسۇس دەۋەتچىلەر دەۋەتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ۋە دەۋەتنىڭ تۈرلىرى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەرنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، بۇ تېمىمىزدا مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ كۈيچىلىرى بولغان دەۋەتچىلىرىمىز ۋە ئۇلاردىن كۆتىدىغانلىرىمىز توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

دەرۋەقە، بىزدە تېخى كۈچلۈك ئاساس، مۇستەھكەم قۇرۇلمىغا ئىگە دەۋەتچىلەر قوشۇنى شەكىللەنگىنى يوق. بۇ بىر ئاچچىق ھەقىقەت. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن مەن مەخسۇس تېما يېزىپ تېخى بارلىققا كەلمىگەن مەۋھۇم بىر توپقا ئۇشۇقچە تەلەپلەرنى قويىمەن؟ بۇ دەل مېنى مەزكۇر تېمىنى يېزىشقا ھەم ئۈندىگەن، ھەم ئىككىلەندۇرۇپ قويغان سوئال. ئۈندىشىدىكى سەۋەپ، گەرچە مۇبەللىغلەر ۋە دەۋەتچىلەر سەپ ۋە قوشۇن ھالىتىدە مەۋجۇت بولمىسىمۇ، بىراق پۈتۈنلەي يوقمۇ ئەمەس. ئۇنداقتا ئۇلاردىن ئۆزىمىزگە خاس دەۋەت-تەبلىغلەرنى تەلەپ قىلىشىمىز تامامەن ئورۇنلۇق. ئىككىلىنىشىمدىكى سەۋەپ، ئەسلى تەلەپكە ئۇيغۇن، ھېكمەت، ئاڭ ۋە بەسىرەت بىلەن دەۋەت ئېلىپ بارىدىغان، ھەققى سالاھىيەتكە ئىگە ئۈلگەملىك دەۋەتچىلەر سېپى شەكىللىنىپ بولالمىغان ئەھۋالدا ئۇلاردىن ئارتۇق نەرسە تەلەپ قىلىش گوياكى «تۇغۇلمىغان موزايغا قوزۇق ياسىغان»دەك بىر ئىش بولۇپ قالارمۇ دەپ خاۋاتىرلەنگىنىمدىن بولدى. بىراق دەۋەتچىلىرىمىز كۆلەم شەكىللەندۇرۇپ بولالمىغان بولسىمۇ، ئازنى كۆپكە تاۋاپ قىلىپ يەنىلا ئويلىغانلىرىمنى شۇ قەدىردانلارغا سۇنغۇم كەلدى. ئۈمىدىم زوركى، ھەر ساھە ئۆز ساھەسىدە كەسپلىشىش، مۇتەخەسسىسلىشىش دەۋرىگە قەدەم قويغان بۈگۈن كۈندە دەۋەتچىلىرىمىزمۇ ئۆزىدە مۇناسىپ سەۋىيە ۋە سالاھىيەت ھازىرلاپ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە پىشقان دەۋەتچىلەر قوشۇنى بولماسلىقتەك ئۆزۈكچىلىككە خاتىمە بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس!

كۆپىنچە ئەھۋالدا مەلۇم شەخس ياكى كوللىكتىپنىڭ نۇقسانى پەزىلەتلىرىدىن ئازراق بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلامىي سەپتە شۇنداق. بۇ ئەھۋالدا بىز كۆڭۈل بولۇۋاتقان شەخس ياكى كوللىكتىپنىڭ نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ قويالىساقلا ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئەينەكلىك رولىمىزنى جارى قىلدۇرالىساقلا، ئۇلارنى ئۆزىمىز كۈتكەن مۇكەممەللىككە يېقىنلاشتۇرۇش تامامەن مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇ جەرياندا پىرىنسىپ جەھەتتىن خاتالىققا ياتمايدىغان تەرەپلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىش كېرەك. بولمىسا ھەر ئادەم ياكى كوللىكتىپقا لوپا ئەينەك بىلەن قارىغىلى تۇرىدىغان بولساق ھېچ ئادەم ياراملىق دېگەن سۆپەتكە لايىق بولماي قالىدۇ.

مەن يۇقىرىقى قارىشىم بويىچە يەككە شەكىلدە ئۆز يولىنى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قەدىرلىك دەۋەتچىلىرىمىزدە ئەڭ كۆپ كۆرۈلۈپ قالىدىغان «ئۈچ غەلەت»نى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، بۇ «غەلەت»لەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە قۇتۇلۇش يوللىرى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىمەن.

1. ئىنكارچىلىق
2. پىكرىي ئۆزۈكچىلىك
3. پىداكارلىق روھى كەمچىللىك

بۇلار مەن ھازىرغىچە كۆرگەن دەۋەتچىلەردە كۆپرەك سادىر بولۇۋاتقان نۇقسانلار. مېنىڭ دەسلىۋىدىلا پەزىلەتلىرىنى تىلغا ئالماي نۇقسانلارنى تىلغا ئېلىشىم قانداقتۇر ئۇلارنى چۈشۈرۈش، چۈكۈرۈش ياكى پېشانىسىگە نوقۇش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئازغىنا نۇقسانلارنى تۈزىتىش ئارقىلىق مۇكەممەللىككە تېخىمۇ يېقىنلاشسىكەن، مۇمكىنقەدەر پەزىلەتلىك شەخسلەردىن بولسىكەن دەپ ئۈمىد قىلغانلىقىم ئۈچۈندۇر.

تەكتىلەيدىغىنىم، يازمامنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەن نۇقسان دەپ قارىغان مەزكۇر تەرەپلەر ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان قېرىنداشلار ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، شۇ تەرەپلەردىن خالاس بولۇشقا تىرىشسا، ئۆزىدە مەزكۇر ئىللەتلەر يوق دەپ قارىغانلار شۇ ئىللەتلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىسە كۆزلىگەن مەقسىتىمگە يەتكەن بولاتتىم...

## 1. ئىنكارچىلىق

ئىسلامىي خىزمەت ساھەسىدىكى بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىزدا كۆرۈلۈۋاتقان، خۇسۇسەن تەبلىغىي ۋە تەلىمىي دەۋەت ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلاردا ئېنىق ئىپادىسىنى تېپىۋاتقان بىر ئىللەت ئىنكارچىلىقتۇر.

قايسىدۇر بىر توپتا ئىنكارچىلىق، بىر-بىرىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ئەۋج ئالسا، بىرلىك، يۈكسىلىش، راۋاجلىنىش دېگەنلەردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئىنكارچىلىقتىن ئىبارەت بۇ غەيرى تۆرەلمە پەيدا بولغان ھامان كىشىلەر ئارىسىدا مەنمەنچىلىك، مەمەدانلىق، مۇغەمبەرلىك، تەكەببۇرلۇق قاتارلىق دەۋەتچىلەر ۋە ئالىملارغىلا ئەمەس، بەلكى ئادەمىيەتكە يات بىر تالاي ناجىنسلىقلار باش كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ ئىللەتلەر باش كۆتۈرگەن كىشىلەردە نە ئىناقلىق، نە ئىتتىپاقلىق، بىرلىك، بىر-بىرىنى قوللاش، ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەش دېگەنلەردىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئىنكارچى خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەر قانداقتۇر ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان، ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىدىغان، ئۆزىنى مەركەز قىلىپلا ياشايدىغان ئادەملەردۇر. بۇلار باشقىلارغا مۇئامىلە قىلغاندا ئىزچىل «خوجا ئاكا»لىق سالاھىيەتتە ئولتۇرىغا چىقىشنى ئىستەيدۇ، ھەمدە ئۆزىنى «ئاكاڭ قارىغاي» قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. تەبىئىيكى بۇ خىل كەيپىيات نورمال ئىنسانىي خاراكتېرنى يوقاتمىغان، ھۆر تەبىئەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ غورۇرىغا، ئۆزلۈك تۇيغۇسىغا ئېغىر زەربە بېرىدۇ. جاھاندا ھېچبىر ئادەم ئۆزىگە زەربە بەرگەن، ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىغان كىشىلەر بىلەن ھەمكارلىشىشنى، ئورتاقلىشىشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە تەبىئىي ھالدا ياتلىشىش، بۆلۈنۈش، بىر يەرگە كېلەلمەسلىك، بىر-بىرىگە گېپى تېتىماسلىق، كۆزگە سىغماسلىق، ھەر ئادەم ئۆزىگە باش، ئۆزىگە خوجا بولۇش ھادىسىلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

كونىلارنىڭ «تېكىنى سەكرەتكىنى چات ئارىلىقتىكى» دەيدىغان بىر گېپى بار. دەرۋەقە ئىنكارچى خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەردە باشقىلاردا بولمىغان بىر ياكى بىر قانچە ئارتۇقچىلىق بولغان بولىدۇ. ئۇلار دەل بۇ ئارتۇقچىلىقىغا ئىشىنىپلا ئۆزىگە باھا بېرىشكە، «سايىسىنى ئۆلچەپ كىيىم پىچىش»قا باشلايدۇ.

ئىنكارچىلىق ئىللىتى بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا بىر قېتىم ياكى بىر نەچچە قېتىم كۆرۈلۈپ قالسا، توغرا چۈشەنگىلى بولغان بىلەن، ئىزچىل ئادەتكە ئايلىنىپ كەتسە ياكى ئاجرىماس بىر خاراكتېرغا ئايلىنىپ كەتسە، چوقۇمكى ئۇنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇلارغا چوقۇم «تاغدىن ئېگىز تاغ بار»لىقنى، «ھەر بىر بىلىمدار ئۈستىدە ئۇنىڭدىنمۇ بىلىمدار بار»[1]لىقنى ئەسكەرتىپ قويۇش، مۆرىتى كەلگەندە پېشىدىن ئازراق تارتىپ قويۇشمۇ زۆرۈر.

نۆۋەتتە ئىسلامىي سېپىمىزدە، بولۇپمۇ ئىسلامىي دەۋەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلار ئىچىدىكى ئىنكارچى قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك چوقۇم ئۆزى ئىشىنىدىغان بىر ياكى بىر قانچە ئارتۇقچىلىقلىرى بار. بەزىلىرى زامانىۋىي ئۈسكىنىلەردىن ياخشى پايدىلىنالايدۇ، شۇ پايدىلىنالىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپلا باشقىلارنى ساۋاتسىزلىق ياكى كەينىدە قالغانلىق بىلەن ئەيىبلەيدۇ. يەنە بەزىلەر جەلىپ قىلارلىق ھالدا، يېقىشلىق قىلىپ نۇتۇق سۆزلىيەلەيدۇ. بۇ قېرىنداشلىرىمىزمۇ دەل مۇشۇ ئارتۇقچىلىقنى نەزەردە تۇتۇپلا باشقا ئاۋازى غاراڭ-غۇرۇڭ چىقىدىغان ياكى نۇتۇق قابىلىيىتى تۆۋەنراق بولغان قېرىنداشلارنى ئىنكار قىلىدۇ. بەزى قېرىنداشلىرىمىز «قۇرئان كەرىم»نى ياكى بىر قانچە يۈز ھەدىسنى يادقا بىلىدۇ. بۇلارمۇ دەل مۇشۇ تەرەپنى نەزەردە تۇتۇپ باشقىلارنى يارىماس، ئىسلامىي خىزمەتتە ئەھمىيىتى يوق دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى قېرىنداشلىرىمىز قەلەم تۇتالايدۇ ياكى دەرس ئۆگىتەلەيدۇ، بۇلارمۇ دەل بۇ ئارتۇقچىلىقنى دەستەك قىلىپلا باشقا قېرىنداشلارغا ھېچ ئىشقا كارغا كەلمەيدىغاندەك، دۇنياغا يۈك بولۇۋالغاندەك نەزەردە قارايدۇ.

[1] سۈرە يۈسۈف 76-ئايەتنىڭ بىر قىسمى

www.uyghurkitap.com

لېكىن ئۇلار ئاللاھنىڭ ئىنسانىي مۇكەممەللىكنى پارچىلاپ پۈتۈن ئىنسانلارغا چېچىۋەتكەنلىكنى، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قاچىسىغا يارىشا ئۇسسۇپ ئالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ.

بۇ ھاياتتا بىرەر تال تاش، چالما، چاۋار- چاتقاللارغىچە بىكار يارىتىلمىغانلىقىغا ئىشەنگەن بۇ ئالىملار ۋە دەۋەتچىلەر ھېچ بىر ئادەمنىڭ ئارتۇق يارىتىلىپ قالمىغانلىقىنى، ھېچ بىر ئادەمنىڭ كېرەكسىز ئەمەسلىكىنى زادىلا ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ.

قەلەمكەش قېرىنداشلىرىمىز ئىجادىيەتلىرىدە، تەرجىمان قېرىنداشلىرىمىز تەرجىمىلىرىدە، دەۋەتچى قېرىنداشلىرىمىز نۇتۇق- لېكسىيەلىرىدە، مۇدەررىس قېرىنداشلىرىمىز دەرىس ۋە مۇھاكىمىلىرىدە پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ كاپىر ۋە مۇسۇلماندىن ئىبارەت ئىككى تىپقا بۆلۈنىدىغانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمانلارغىلا ئەمەس ھەتتا كاپىرلارغىچە ئىنسانىي مېھىر- مۇھەببەت يەتكۈزۈشى لازىملىقىنى يازىدۇ، سۆزلەيدۇ، ئۆگىتىدۇ- يۇ، ئەمما ئەقىدىسى بىر، يولى بىر، نىشانى بىر، ھەتتا نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسىمۇ بىر بولغان قېرىنداشلىرىغا ئۆز مېھرىنى ئايايدۇ. ئۇلارغا كەينىنى قىلىۋالىدۇ، ئۇلاردىن قىزغىنىدۇ، ئۇلارنى ھەققىي مېھرى بىلەن قۇچاقلىمايدۇ...! بۇ خىل ئىللەتلەر ئاخىردا پۈتۈن بىر خەلقنى ئىتتىپاقسىزلىق، گورۇھۋازلىقتىن ئىبارەت ھالاكەت قايىنمىغا سۆرەيدۇ.

بەزى ئوقۇرمەنلىرىمىز ئىنسان دېگەن خاتالىقتىن خالىي ئەمەس، بۇنچىلىك ئىشلارنى كەچۈرۈۋېتىش كېرەكقۇ، دېيىشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ نىيىتى ناھايىتى توغرا. ئىنسان دېگەن خاتالىقتىن خالىي ئەمەس دېگەن سۆزمۇ توغرا ئېيتىلغان سۆز. بىراق بۇ يەردە بىر خاتالىق بار. ئۇ بولسىمۇ خاتالىقنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋېلىش. خاتالىق سەۋەنلىكتىن سادىر بولسا ئەپۇ قىلىۋېتىش كېرەك، بىراق ئۇ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئىسمى خاتالىق بولماي، جىنايەت بولىدۇ. يەنە كېلىپ بىر ئوخشاش خاتالىق ھاياتتا بىر ياكى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىپ قالسا كەچۈرۈلگىنى بىلەن، ئۇ بىر ئۆمۈر داۋام ئەتسە، ھەتتا ھەددىدىن ئېشىپ دەسلەپكى شەخس ئىنكارچىلىقىدىن كوللېكتىپ ئىنكارچىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلسە، بۇنى ئەسلا قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ.

بۇ ئىللەتلەرنى چوقۇم تەبلىغى دەۋەت ساھەدىكى قېرىنداشلار دەۋەتلىرىدە؛ يەنە ھەر جاي، ھەر يەرلەردىكى مۇدەررىس قېرىنداشلار دەرىسلىرىدە؛ تەرجىمە ساھەسىدىكى ياكى ئىجادىيەت ساھەسىدىكى يازارمەنلىرىمىز قەلەملىرىدە قاتتىق قامچىلىشى، بۇلارنىڭ ھەممىسى قامچىلاشنى ئاۋۋال ئۆزىدىن باشلىشى، بۇ ھەقتە ئىمانىنى، ئىمانىي ۋىجدانىنى قازى قىلىپ ئۆزىدىن ئىنساپ بىلەن ھېساب ئېلىشى تەخىرسىز بىر مەسىلىدۇر.

ئىسلامىي ساھەدە مەيلى قايسى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار بولسۇن، بۇلار ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى قىلىۋاتقان خىزمەتنىڭ دىنىي خىزمەتنىڭ ھەممىسى ئەمەسلىكىگە ئىشىنىشى لازىم. ئىسلام ئەسلىدىنلا نۇرغۇن پارچىلاردىن تەركىپ تاپقان بىر پۈتۈنلۈكتۇر. خىزمەت نۇقتىسىدىن ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئېقتىدارى، بىلىم- سەۋىيىسى، ئىخلاسىغا يارىشا ھېلىقى پارچىلار ئىچىدىن مۇئەييەن ساھەلەرنى، مۇئەييەن تەرەپلەرنى ئۆزىگە ھاياتىدىكى خىزمەت نىشانى قىلىپ تاللىۋالسا بولىدۇ. بىراق ئېتىراپ نۇقتىسىدا قۇر ئاتلىماستىن ھەممىنى بىر تۇتاش ئېتىراپ قىلمىقى لازىمدۇر، ھەممىدە بۇ ئادەمىي پەزىلەت ئۆلچىمىدۇر.

يەنە تەكىتلەيمىزكى، دەۋەت تۈرى كۆپ، شەكلى ھەرخىل بولغان بىر ئەمەلىيەت جەريانى. بۇ جەرياندا ھەر بىر مۇئمىن- مۇسۇلمان ئۆزىگە تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى لازىم. كۆپ بىلگەنلەر كۆپ سۆزلەش، كۆپ ئۆگىتىش، كۆپ يېزىش؛ ئاز بىلگەنلەر بىلگىنىگە يارىشا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش لازىم. پەقەت بىرەر كەلىمە ھەق سۆز ئاڭلىغانلار شۇنىمۇ ئاز كۆرمەي باشقىلارغا يەتكۈزۈش كېرەك. چۈنكى ئىنساننىڭ قىممىتى ئېرىشكەنلىرىگە قارىتا بولماستىن، بەلكى بېغىشلىغانلىرىغا قارىتا بولىدۇ. ئىمام بۇخارى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «مەندىن بىرەر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار».

ھازىر كىشىلىرىمىز دەۋەتنى پەقەت سۆزلىنىدىغان تەبلىغ دەپلا چۈشىنىۋالدۇ. ئەمەلىيەتتە تەبلىغ پەقەت دەۋەت ئىچىدىكى بىر پارچىدۇر. بىز پۈتۈن بىر دەۋەت شەكلىنى گويا بىر ئىنسانغا ئوخشاتساق، تەبلىغ ئىنساننىڭ ئېغىزىدۇر. ئۇنداقتا باشقا ئەزالىرى بولماي ئېغىزىلا بولغان بىر نەرسىنى كىم ئىنسان دەپ ئاتايدۇ. ئېغىز ئۆزىنىڭ ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقى، ئاش-تاماق يەپ جىسمىنى قۇۋۋەتلەندۈرەلىگەنلىكى ئۈچۈنلا باشقا كۆز، قولاق، بۇرۇن دېگەنلەرنى ئىنكار قىلسا، ئۇلارغا شىلتىڭ ئاتسا، بۇ ئاقىلانىلىك بولامدۇ؟! يەنە بۇ يەردە فۇنكىسىيە جەھەتتىن ئېغىزدىن ئارتۇق رولغا ئىگە باشقا ئەزالارمۇ تۇرسا، ھەتتا ئۇنىڭسىز ئىنسان مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغان رەئىس ئەزالارمۇ تۇرسا، بۇلارنىڭ ھەممىنى ئىنكار قىلىپ، ھەممىنىڭ رولىغا سەل قاراپ، مەمەدانلىق قىلسا قانداق بولغىنى ئۆزى؟!

«ئالىملىقتىن ئادىمىلىك مۇھىم» دېگەنىكەن دانالىرىمىز... بىر ئادەم بىر نەچچە يىل ئوقۇپ، بىر ياكى بىر نەچچە ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ ئالىم دېگەن نامغا ياكى ئۇستاز دېگەن ناملارغا ئېرىشەلىشى مۇمكىن! ئەمما ئۇ ئادەمي پەزىلەت يېتىلدۈرمىسە، بولۇپمۇ ئىسلامي پەزىلەتلەر بىلەن قىنىپ ئىچمىسە، ئىشىنىشىمىز كېرەككى، بۇلار يامغۇردىن بۇرۇنقى چېقىندۇققا ئوخشاشلا تېز ئۆچىدۇ، خالاس.

ھازىر دۇنيادا ئىلىمنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپەيدى. يەنە ئىزچىل كۆپىيىۋاتىدۇ. نۇرغۇن يېڭى-يېڭى تېمىلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەمما ئادەمنى ئەسلى يارىتىلىش مۇددىئاسىغا، ئەسلي يارىتىلىش ھېكمىتىگە تەڭلەپ تۇرۇپ تەھلىل يۈرگۈزىدىغان ھەقىقي مەنىدىكى ئادىمىيەت ئىلمى تېخى شەكىللەنگىنى يوق.

بىز بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقاندا مۇنداق بىر سوئال ئوتتۇرىغا چىقىدۇ: «بۇ ئىلىم ئەسلىدىنلا شەكىللىنىپ باقمىغانمۇ ياكى ئەسلى شەكىللەنگەن بولسىمۇ تازا جۇلاسىنى تاپالماي قالدىمۇ؟»

جاۋابەن دەيمىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ھازىرقى كاتتا ئۇنىۋانلىقلاردەك نەچچە ئون يىللاپ كىتاب كۆتۈرمەيمۇ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى تا قىيامەتكىچە سالام يوللايدىغان، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى قىلىدىغان بۈيۈك ئىنسانلارغا ئايلىنالىغان ئىدى. بۇلارنى شۇنداق كاتتا مەرتىۋىگە، شۇنداق بۈيۈك ئۇستازلىق شەرىپىگە ئېرىشتۈرگەن نەرسە زادى نېمە ئىدى؟! شۇنىڭغا كەسكىن ئىشىنىشىمىز كېرەككى، ئۇلارنى شۇنداق كاتتا مەرتىۋىگە، شۇنداق بۈيۈك ئۇستازلىق شەرىپىگە ئېرىشتۈرگەن نەرسە يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا چىن مەنىدىكى ئادىمىلىك ئىدى.

دېمەك، بۇ ئىلىم بىزدە ئەزەلدىن بار دېگەن گەپ. ئەمدىكى مەسىلە بۇنى قانداق سىستېمىلاشتۇرۇش، قانداق قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىزگە ئايلاندۇرۇش مەسىلىسىدۇر.

مانا بۇ نۇقتىدا بىز كۆرگەن مۇدەررىسلەر، ھەق يولىغا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاتىغان مۆھتەرەم ئۆلىمالىرىمىز، مۇبەللىغلىرىمىز ھەقىقىي تەلەپكە لايىق بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆزىگە يارىشا ئادىمىلىك پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرگەن دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: مۇدەررىسلەردىكى خالىسلىق، پىداكارلىق، ئۆزىنى بېغىشلاش، ئىلىمگە بولغان ھېرىسمەنلىك، ئۇستازلارغا بولغان ھۆرمەت، نۆۋەتتە كەلگەندە ئۆز دىنىغا، ئۆز ئادەملىرىگە ساھىب چىقىش، جانبەدەل، مالبەدەللەرنىڭ كۆزىگە قاراپ قالماسلىق قاتارلىق تەرەپلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن. مانا بۇ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىزنى مۇشۇ نۇقتىدىن ساھابىلاردىكى يۈكسەك پەزىلەتلەرگە يېقىن تۇرىدىغانلار دەپ قاراشقا بولىدۇ.

جاھان تارىخىدا ئۆتكەن ھەر بىر ئۇممەتنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ باقىدىغان بولساق، شۇ ئۇممەتلەردە ئادەمي پەزىلەت يوقالغاندا، ئىنساني تەبىئەت بۇزۇلغاندا ئاللاھ ئۇلارنى يېتەكلەيدىغان، توغرا يول كۆرسىتىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن. پەيغەمبەرلەر ئۇلارنى پەقەت ھەقىقىي مەنىدىكى ئادەم بولۇشقىلا ئۈندىگەن، خالاس! ئۇلاردىن باشقا ئارتۇق نەرسە

uyghurkitap.com

تەلەپ قىلىنمايتتى. ئۇلارنى ئادىمىيلىكتىن ھالقىپ پەرىشتىلەر سىپىتىگە قوشۇلۇشقا چاقىرمايتتى، ئادىمىيلىكتىن چۈشۈپ ھايۋانىيلار سىپىگە قېتىلىپ كېتىشكە يول قويمايتتى. پەقەت ۋە پەقەت تەلەپ قىلىدىغىنى ھەقىقىي ئادىمىيلىك، چىن مەنىدىكى ئىنسان بولۇش ئىدى...

بۈگۈنكى ئىسلام ئۇممىتى ئىچىدىكى مۇبەللىغلەر، مۇدەررىسلەر، دەۋەتچىلەر، يازارمەنلەر، قىسقىسى باشقىلارغا نىسبەتەن مۇئەييەن ئاڭ ـ تونۇشقا، بىلىم قۇرۇلمىغا ئىگە كىشىلەر ئۇممەت ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ھەممە ئادەملەرنى ئالىم قىلماق ئەمەس، بەلكى چىن مەنىدىكى ئادەم قىلماقتۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ ئادىمىيەتتىن چەتنىگەن ئالىملارنىڭ جاھان تارىخىدا ھېچبىر ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارمىغانلىقىنى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاللاھ ئاتا قىلغان ئىلمىنى خالاپ ـ خالىماي ھەقىقەتكە قارشى، شەرىئەتكە قارشى ئىشلىتىپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز.

يېقىندا مىسىردا ئېچىنىشلىق قەتلىئاملار، چىدىغۇسىز ۋەھشىيلىكلەر بولۇپ ئۆتتى. ھەر بىر ۋەھشىيلىك، زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك ئېچىقىدا بۇيۇك ئۇنۋانلارغا ساھىب مىراپلار بار ئىدى. بۇ مىراپلار گەرچە ئۆز ساھەسىدە «ئالىم» ئاتالغانلار بولسىمۇ، ئەمما ئادەمىي پەزىلەت نۇقتىسىدا يەنىلا سالاھىيەتسىزلەردىن بولغاچقا جاھان تارىخ بېتىگە نومۇسلۇق بىر قارا سەھىپە قىستۇرۇپ قويدى.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئىنكارچىلىق يۇقىرىقىدەك پاجىئەلەرنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسىدۇر. ئىنكارچىلارنىڭ ئىنكارچىلىقى ئۇلارنىڭ قىلالايدىغان ئەڭ چوڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى ئەڭ كىچىك ئىشىدۇر. ناۋادا ئۇلارغا ئۇنىڭدىن كاتتا پۇرسەتلەر بېرىلسە قولىدىن كېلىدىغانلىكى قىلغۇلۇقلارنى قىلىشى مۇقەررەر. بۇنىڭغا تارىخ ۋە ئەمەلىي رېئاللىقلاردىن مىساللار ساماندەك تولا.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۆزىنى ھەق ھىمايىچىسى دەپ ئاتاپ، ئۆزىنى ھەق داۋاگەرى كۆرسىتىپ، ئۆزىنى بۈيۈك ئىسلاھاتلارنىڭ ساھىبى جاكارلاپ، ئەمما دىن ۋە دەۋەت يولىدىكى ئاۋانگارتلارغا، سەپداشلارغا لايىقىدا ھۆرمەت بىلدۈرمەيدىغان، ئۇلارنىڭ قەدرىنى قىلمايدىغان، مۇھەببەت باغلىمايدىغان، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۇلارنى چەتكە قاقىدىغانلار چوقۇم بىراۋلارنىڭ ياكى ئۆزىنىڭ شەخسىي غەرىزى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغۇچىلاردۇر. ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتقۇچىلاردۇر. جاھاندا ھەر نەرسە ساختىلىقنى سىغدۇرۇپ كەتكەن بىلەن، دىنىمىزغا ئىشلەتكەن ساختىلىقلار ھامان ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقاندا تارىخچى، ئەدىب، شائىر مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ مۇنۇ رۇبائىيسى كۆڭلۈمگە كەچتى:

ئەل ئۈچۈن يۈگۈرتسەڭ قەغەزدە قەلەم،
تاغلارنىڭ بېشىغا تىكەرسەن ئەلەم،
ۋە لېكىن سۇ قوشۇپ قويساڭ سىياھقا،
ئىزلىرىڭ تېز ئۆچۈپ چېكەرسەن ئەلەم.

ئىسلامىي دەۋەت يولى تارىختىن بۇيان ئەڭ ئاۋۋال ئاللاھنىڭ پەزلى، ئاندىن قالسا ھەقىقىي ساداقەتمەن، جان پىدا، ئۆزىنى تونىماس باش چۆكۈرۈپ خىزمەت قىلىدىغان ئالىم ـ ئۆلىمالار، فەقىھ ـ مۇجتەھىدلەر، مۇدەررىسلەر، تەبلىغچىلەر ۋە بۇلاردىن باشقا ئىمانىغا سادىق ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ ئىزچىل تىرىشچانلىقى بىلەن بۈگۈنگە ئۇلاشقان. بۇندىن كېيىنمۇ يەنە شۇنداق بولىدۇ، ئىنشائاللاھ!

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىي سەپتە مەيلى قەلەم بىلەن، ئەلەم بىلەن، تەبلىغ بىلەن، دەرس بىلەن ۋە ياكى ھەرقايسى ساھەلەردە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلار ئۆزى تۇرۇۋاتقان سەھنىنى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ پېيەن سەھنىسىگە ئايلاندۇرۇۋالماسلىقى لازىم. بىر ـ بىرىنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىشى، چىن قەلبىدىن مۇھەببەت باغلىشى، مۇرنى مۇرىگە تىرەپ ھەقىقەت يولىدىكى كارۋانلار سېپىگە قوشۇلۇشى لازىم.

كونىلاردا «چاڭگا بۇزۇلسا تۇخۇم ساق قالماس» دەيدىغان بىر ھېكمەت بار. ناۋادا ھەر بىرىمىز يەنە ئۆز ئالدىمىزغا بىردىن ئېچىقتا مىراپ بولۇپ، ئېتىراپ قىلىشنى، قوللاشنى، يول

قويۇشنى، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشنى خالىماي ئۆزىمىز بىلگەن سەنئەتكە دەسسەۋىرىدىغان بولساق، ھازىرقى ئېتىبارسىزلىق، خارلىق ۋە زاۋاللەتتىن ھەرگىزمۇ قۇتۇلالمايمىز. ناۋادا ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش، ئۆزىمىزنىلا مەركەز قىلىش، ئۆزىمىزنىلا ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆچەيدىغانلا بولساق، ئۇ چاغدا چوقۇمكى، بىزنىڭ ھەققەت يولىدىكى كارۋانىمىز كارۋانلىق سالاھىيىتىنى يوقۇتۇپ، يەككە يولۇچىلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئاخىردا خۇددى «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن تەمسىلدىكىدەك قىلغان ئىشلىرىمىز نەتىجىسىز ئاخىرلىشىدۇ.

يۇقىرىدا بىز ئىنكارچىلىقنىڭ ئادەمنى پەزىلەتلەرگە زىتلىقى ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋەتى، شۇنداقلا ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىش، ئېتىراپ قىلىشىش ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىشلەرنىڭ زۆرۈرىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق.

ئەمدى بۇ ھەقتە پېشىۋالىرىمىزنىڭ بايانلىرىغا قۇلاق سېلىپ باقايلى:

1. ئىمام ئەھمەد ئىسھاق ئىبنى راھەۋەي ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر ئارىسىدا داۋاملىق پىكىر ئىختىلاپى بولۇپ تۇرىدۇ، ئىسھاق گەرچە بەزى پىكىرلەردە بىزگە ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما خۇراسان كۆۋرۈكىدىن ئۇنىڭدەك كاتتا كىشى ئۆتۈپ باقمىغان.»1 مانا بۇ ئۈممەت پېشىۋاسى بولغان ئىمام ئەھمەدنىڭ ئىلمىي مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپنى بىر ياقا قايرىپ قويۇپ ئىنساپنى، ۋىجداننى ئاساس قىلىپ بېرىۋاتقان باھاسىدۇر.

2. ئىمام ئىبنى رەجەب مۇنداق دېگەن: «ئىمام ئەھمەد ئىسھاق ئىبنى راھەۋەينى ماختايتتى، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇيتتى، كىشىلەر ئارىسىدا داۋاملىق پىكىر ئىختىلاپى بولۇپ تۇرىدۇ، ئىسھاق گەرچە بەزى پىكىرلەردە بىزگە ئوخشاش بولمىسىمۇ... دەيتتى. ئىسھاق ۋە

1 «سىيەرۇ ئەئلامىن نۇبەلا» 11-توم 371-بەت

باشقا ئىماملارنىڭ نامۇۋاپىق پىكىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، ئىمام ئەھمەد گەرچە بۇ پىكىرلەرگە ئۆزى قوشۇلمىسىمۇ ئەمما ئۇلارنى ئىنكار قىلمايتتى.»2

3. مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد فىنجار مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قايسى ساھەلەردە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان ئىبنى سالام بىلەن فەقىھ ئەبۇ ھەفس ئەھمەد ئىبنى ھەفس ئوتتۇرىسىدا مەزھەب ئىختىلاپى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنە ياخشى دوستلاردىن ئىدى.»3

4. مەيمۇن ئىبنى مهران مۇنداق دېگەن: «ھەر يۇرتتىكى ئۆلىمالار مېنىڭ يىتتۇرۇپ قويغان نەرسەمدۇر، ئىزدەيدىغان كىشىلىرىمدۇر. ئۇلارنى تاپالمىسام، پۇتۇن ئەس-يادىم شۇلاردا قالىدۇ، مەن ئۆلىمالار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ئارقىلىق قەلبىمنىڭ ساپلاشقانلىقىنى ھېس قىلدىم.»4

5. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىراۋنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشتا، ئولتۇرۇش-قوپۇشتا، باردى-كەلدى قىلىشتا ئۆلىمالار بىلەن بىللە يۈرگەنلىكى ئۇنىڭ ئاقىللىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.»5

6. لوقمان ھەكىم ئوغلىغا مۇنداق دېگەن: «سەن مەيلى ئىلمى يۇقىرى بولسۇن ياكى تۆۋەن بولسۇن ھەر قانداق كىشى ئالدىدا سەۋرچان بول. ئۆلىمالار ئالدىدا سەۋرچان بولغان، ئۇلاردىن ئايرىلمىغان، سىلىق-سىپايىلىك بىلەن تەلىم ئالغۇچىلارلا ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلالايدۇ.»6

7. ئىبنى ماجە قۇزۋىنى مۇنداق دېگەن: «يەھيا ئىبنى مۇئىين بىر كۈنى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى، شۇ ئەسنادا ئىمام شافىئى قېچىرىغا مىنىپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام بەردى-دە، كەينىدىن ئەگىشىپ،

2«ئەلپەرقۇ بەينەن نەسىھەت ۋە ئەتتەئيىر» 31-32-بەت
3«سىيەرۇ ئەئلامىن نۇبەلا» 10-توم 630-بەت
4 «جامىئۇ بەيانىل ئىلمى ۋە فەزلىھى» 1-توم 49-بەت
5«جامىئۇ بەيانىل ئىلمى ۋە فەزلىھى» 1-توم 128-بەت
6 «جامىئۇ بەيانىل ئىلمى ۋە فەزلىھى» 1-توم 107-بەت

www.uyghurkitap.com

بىرھازادىن كېيىن قايتىپ كەلدى. يەھيا تېخىچە ئولتۇراتتى، ئۇ، ئىمام ئەھمەدكە:

— ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! (ئىمام ئەھمەدنىڭ ھۆرمەت نامى) نېمىشقا بۇنچە قىلىپ كېتىسەن؟ دېدى.

— بۇنداق دېمە! ئەگەر ئۆلىما بولاي دېسەڭ، ئۇنىڭ قېچىرىنىڭ قويرۇقىغا يېپىش!» دېدى، ئىمام ئەھمەد.[1]

سەلەف سالىھىنلار ئىلىم ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولۇش، ئۆلىمالاردىن تەلىم ئېلىشقا ئالدىراشتا ئەڭ ياخشى ئۈلگىلەرنى ياراتقان. خەتىب بەغدادى ۋە باشقىلارنىڭ ھەدىس ئۆگىنىش ئۈچۈن قىلغان سەپەرلىرى توغرىسىدا كەلتۈرگەن تارىخى ۋەقەلىكلەر بۇنىڭغا شاھىدتۇر. بەزى سەلەپلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈن يىراق مۇساپىلەرنى باسقان. ئۇلار بىرەر كىشىنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىلىمدە ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، تەلىم ئېلىشقا ئالدىرايتتى.

مەشھۇر مۇپەسسىر ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن: «مەن بىرەر كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىنى مەندىن بەكرەك بىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپسام، ئۇ كىشىنىڭ قېشىغا تۆگە بارالايدىغانلا بولسا باراتتىم».[2]

شەرئەت ئىلمى ئۇستازلاردىن تەلىم ئېلىنىدۇ، ئۇنى پەقەت كىتابلاردىنلا ئۆگىنىش ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. شەرئەت ئىلمىنى ئۇستازسىزلا كىتابلاردىن ئۆگىنىش ۋە شۇ تەرمە بىلىملىرنى ھاياتىي قەدەملىرىگە ئەندىزە قىلىۋېلىش ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال. شۇنىڭدەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرەر ئۇستازدىن تەلىم ئالماي كىتاب كۆرۈپ، مەسىلىلەردە بىرەر قاراش شەكىللەندۈرۈشى توغرا ئەمەس. ئىمام شافىئى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىتابلاردىنلا ئالىم بولغان ئادەم ھۆكۈملەرنى زايە قىلىۋېتىدۇ».[3]

بىر قىسىم سەلەپلەر مۇنداق دەيتتى: «كىتابلارنىلا ئۇستاز تۇتۇش ئەڭ ئېغىر ئاپەتتۇر.»[4]

بىرەيلەن ئىمام ئەبۇ ھەنىفەگە: پالانى مەسجىدتە فىقھى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىدىغان بىر بۆلۈك كىشىلەر بار دېيۋىدى، ئەبۇ ھەنىفە: ئۇلارنىڭ ئۇستازى بارمۇ؟ دەپ سورىدى، ئۇ كىشى: يوق دېگەندە، ئەبۇ ھەنىفە: ئۇنداقتا ئۇلار مەڭگۈ ئالىم بولالمايدۇ دېگەن.[5]

ئاۋام مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ دەۋەت ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلار پېشقەدەم ئۆلىمالارنىڭ قېشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە باش قىلىشى، سۆزلىرىنى ئاڭلىشى ۋە ئۇلاردىن تەلىم ئېلىشى كېرەك. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، كىشىلەر دىن ۋە ئىلىمدە ئىشەنچلىك ئۆلىمالاردىن تەلىم ئېلىشقا ئىنتىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر. «ئىلىم دېمەك دىندۇر، شۇڭا دىنىڭلارنى كىملەردىن ئۆگىنىۋاتقىنىڭلارغا قاراڭلار.»[6]

ناۋادا مۇئەييەن ساھەدە كەسىپلەشكەن ئۆلىمالار بولسا، ئۇلارنى كەسپىي ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۇستاز تۇتۇش كېرەك. ھەرقانداق پەندە پەقەت شۇ ساھەدە مۇتەخەسسىس بولغان ئۆلىمالارنىڭ سۆزىلا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جابىيە[7]دە كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى: ئەي خالايىق! كىمكى قۇرئان توغۇرلۇق سورىماقچى بولسا، ئۇبەي ئىبنى كەئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلسۇن. كىمكى مىراس ئىلمى توغۇرلۇق سورىماقچى بولسا، زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلسۇن. كىمكى فىقھى توغۇرلۇق سورىماقچى بولسا، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلسۇن.»[8]

ئاۋام مۇسۇلمانلار ۋە دىن يولىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلار ئۆلىمالارنىڭ پېشىنىمۇ نەزەردە تۇتۇپ مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراش كېرەك. ياشلار مەلۇم كەسپىي ساھەلەردە، مۇئەييەن پەنلەردە يۇقىرىراق بولغان

---

1 جامىئۇ بەيانىل ئىلمى ۋە فەزلىھى» 2 ـ توم 252 ـ بەت
2 «بۇخارى» 6 ـ توم 102 ـ بەت
3 «تەزكىرەتۇس سامىئى» 86 ـ بەت
4 «تەزكىرەتۇس سامىئى» 86 ـ بەت
5 «جامىئۇ بەيانىل ئىلمى ۋە فەزلىھى» 1 ـ توم 139 ـ بەت
6 «مۇسلىم» 1 ـ توم 14 ـ بەت
7 جاي نامى
8 «تەبارانى» رىۋايىتى

تەقدىردىمۇ، پىشقەدەملەردە ئۇنىۋېرسال بىلىم كۆپرەك بولغان بولىدۇ. ئىلىم بىر كۈندىلا ياكى بىر نەچچە يىلدىلا شەكىللەنمەستىن، بەلكى ئاز-ئازدىن بارا-بارا توپلىنىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى ئىلمى ئېشىپ تەجرىبىسى مولىشىدۇ. شۇڭا دىنىي ساھەدە خىزمەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلار پىشقەدەملەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلاردىن كۆپرەك تەلىم ئېلىشى، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە يولىيورۇق سورىشى، باشباشتاق بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

پىشقەدەملەرنىڭ پەزىلىتى توغۇرلۇق نۇرغۇن ئايەت-ھەدىسلەر كەلگەن، ھەتتا نامازغىمۇ ياشقا چوڭلارنىڭ ئىمام بولۇشى بۇيرۇلغان. مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىز بىر بۆلۈك تەڭتۇش ياشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ 20 كۈن تۇردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن مېھرىبان، كۆيۈمچان ئىدى. بىزنى ئائىلىسىدىكىلەرنى سېغىنىپتۇ دەپ ئويلىغان چېغى، بىزدىن ئائىلەڭلەردە كىملەر بار؟ دەپ سورىدى، بىز ئائىلە ئەھۋالىمىزنى ئېيتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: ئۆيۈڭلارغا قايتىپ ئۇلار بىلەن تۇرۇڭلار، ئۇلارغا ئۈگەنگەنلىرىڭلارنى ئۆگىتىپ قويۇڭلار، ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇڭلار، نامازنى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار. ناماز ۋاقتى بولسا، بىرىڭلار ئەزان ئېيتسۇن، ئاراڭلاردىكى چوڭراقىڭلار ئىمام بولسۇن، دېدى.»[1] دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېشى چوڭراقنى ئىمام بولۇشقا بۇيرۇغان. بۇ مەسىلىدە مەزكۇر ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا تۇرغان ۋاقتى ئوخشاش، ئىگەللىگەن بىلىممۇ ئوخشاش بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشقا چوڭراقىنىڭ ئىمام بولۇشى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. ناۋادا ئىلمىدىمۇ، ياشتىمۇ چوڭلار بولسىچۇ؟! ئەلۋەتتە بۇنىڭدا ئىلمىدە ھەم ياشتا چوڭلارغا يول قويۇش، ئۇلارغا ئەگىشىش كېرەك! ھەر قايسى دەۋر كىشىلىرى ياكى يۇرت ئەھلى ئىلمىگە قايىل بولۇپ، پەزىلىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، «دەۋرىمىزنىڭ ئۆلىماسى» ياكى «يۇرتىمىزنىڭ ئۆلىماسى» دەپ ئاتىغان ئۆلىمالارغا ئالاھىدە ھۆرمەت-ئېتىبار بىلەن قاراش كېرەك. ھە دېگەندىلا بۇلارنى قىقىۋېتىشكە، ئۇلارغا كەلسە-كەلمەس پۇت ئېتىشقا بولمايدۇ.

ئىچىمىزدىكى يېتىشىپ چىقىۋاتقان دىنىي ئىزباسارلار دەل مۇشۇ نۇقتىدا كەتكۈزۈپ قويۇۋاتىدۇ. بىز يۇقىرىدا بۇ ھەقتە ئۆزىمىزنىڭ پىكىر قاراشلىرىمىز ۋە مەشھۇر بايراقدار ئىماملارنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇق. بايراقدار ئىماملارنىڭ بىر-بىرىگە قانداق ئىكرام-تەۋەززۇلارنى قىلغانلىقىنى، قانداق ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكلىرىنى بايان قىلدۇق.

ئەمدى بۇ پىكىر-قاراشلارنى ئۆزىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىغا تەتبىقلاپ باقايلى!

بىزدە «نىبى كىچىك ناۋاي بەك ۋارقىرايدۇ»، «يېرىم چىلەك سۇ بەك شالاقشىيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن ھېكمەتلىك ئىدىئوملار بار. ئەقىللىق ئەجدادىمىز قەدىمدىن باشلاپلا ئالدىراڭغۇلۇق، ئىنكارچىلىق، ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىشلارنى «پىشىپ يېتىلمىگەنلىك»، «ئالدىراپ خامپىغا سەكرىگەن»لىك دەپ قارىغان ھەمدە بۇ خىل ئىللەتلەردىن قەتئىي يىراق تۇرۇشنى تاپىلىغان.

بۇ ھەقتە دىنىمىزنىڭ سۆھبەت ۋە دىيالوگ ئەخلاقىغا نەزەر سېلىپ باقىدىغان بولساق «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبەتدىشىنىڭ پىكرى تۈگىمىگىچە گېپىنى بۆلۈۋەتمەيدىغان، مۇناسىۋەتسىز تېمىلاردا سوئال سورالغان تەقدىردىمۇ ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ، ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىدىغان»لىقىدەك بۈيۈك بىر ئۆرنەكنى بايقايمىز.

دەرۋەقە ھازىرقى رىيالىقىمىزدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋارىسلىرى ھېسابلىنىۋاتقان ئاز ساندىكى سۆيۈملۈك ئۆلىمالار ۋە ھەقىقەت يولىدا تۈرلۈك تۆھمەت قىيىنچىلىق ۋە خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، ئۆزىنى مۇشۇ يولغا ئاتىغان بىر قىسىم تالىبۇل ئىلىم قېرىنداشلىرىمىزدا كۆپرەك كۆرۈلۈۋاتقان بىر ئىللەت دەل قارشى پىكىردىكىلەرگە ياكى ئۆزى بىلەن ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچىدىكىلەرگە قارىتا سەۋىرسىزلەرچە مۇئامىلە قىلىشتۇر. تېخى ئەڭ ئېغىر بولغىنى، بۇ سەۋرسىزلىك ئۇلارنىڭ نەزرىدە «دىنىي دەپ چىرايى ئۆڭۈش» دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ خىل ئىللەتلەردىن

1«بۇخارى» 1-توم 155-بەت

www.uyghurkitap.com

ئېپتىخارلىنىۋاتىدۇ. بۇ قېرىنداشلىرىمىز «دىنىنى دەپ چىرايى ئۆڭۈش» نى توغرا ئورۇنغا تەتبىقلىمايۋاتىدۇ. ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرۇۋاتقان، تەلىمگە، يول كۆرسىتىشكە مۇھتاج بولۇۋاتقان ئۆز سىپىدىكىلەرگە ئۆڭۈۋاتىدۇ. بۇ خىل كەيپىيات دىنىي ساھەدىكى قېرىنداشلار ئارا ۋە ئالىم-ئۆلىمالار بىلەن ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا ھاڭ شەكىللەندۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ. بۇ قېرىنداشلىرىمىز ئۆز ئارا ۋە ئاۋام مۇسۇلمانلار ئارا مۇناسىۋەتكە، مۇئامىلىگە ئالاھىدە دىققەت قىلمايۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىرىدا ھەر ئادەم ئۆزىگە ئۆزى باش، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

ھازىر پۈتۈن ئۇممەتنىڭ چېچىلاڭغۇلىقى، قەدىرسىزلىكى ۋە ئېتىبارسىزلىقىنى «دۇنيادا پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا بىر باشنىڭ كەمچىل» ئىكەنلىكىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈش ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى. مەن ئويلايمەنكى، بىزدە ھازىر كەمچىل بولۇۋاتقىنى باش ئەمەس بەلكى ئەگەشكۈچىدۇر.

قاراپ باقىدىغان بولساق ئازراق بىر نەرسە ئوقۇۋالغان ياكى ئاڭلىۋالغان قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى ئۆزى بىلگەنچە ئىش كۆرۈۋاتىدۇ. ھېچكىم ھېچكىمگە ئەگەشمەيدۇ. بەلكى ھەممە ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھەركىم ئۆز پىكرى ياكى مەۋقەيىنىڭ خاتا بولۇش ئېھتىماللىقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆزى بىر سىزىقنى سىزىدۇ-دە، باشقىلارنى شۇ سىزىق ئۈستىدە بىرلىشىشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئېنىقكى ھەممە ئادەمنىڭ چۈشەنچىسى، پىكىر-قاراشلىرى، ئويلىغانلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن ھەممەيلەننىڭ ھېلىقى بىر سىزىق ئۈستىگە سەپراس بولۇشى مۇمكىن بولماي قالىدۇ. دەل مۇشۇ نۇقتىنى تۇتۇۋالغان قېرىنداشلىرىمىز شۇ ھامان باشقىلار ئۈستىدىن قازىلىق قىلىشقا باشلايدۇ.

ناھايىتى ئېنىقكى ئەقىدىۋى بىرلىك بولمىغانلار بىلەن بىر يولنىڭ كارۋانلىرىغا ئايلانغىلى بولمايدۇ. چەكسىز سۆيگۈ ياكى ئىنسانىي مۇھەببەتتىن ئىبارەت غايىۋى تەسەۋۋۇرلارنىڭ پەيلىشىگە ئەگىشىپ بىر مەزگىل ئەقىدىۋى بىرلىك بولمىغانلار بىلەن بىر يولدا ماڭغىلى بولغاندەك قىلغان بىلەن، بەربىر ئۇ يوللار ئاخىرىغا چىقمايدۇ. ئەمما چوڭ جەھەتتىن ئەقىدە-ئېتىقادتا بىرلىك مەۋجۇت بولسا ئارىلىرىدىكى ئۇششاق پەرقلەر ۋە ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە يول قويۇش كېرەك. ئوخشىمىغان ئوي، ئوخشىمىغان ئېقتىدار، ئوخشىمىغان سەۋىيىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر پىكىر ۋە بىر قاراشقا مەركەزلەشتۈرىمەن، بىرلەشتۈرىمەن دېيىش تامامەن مۇمكىنسىزدۇر. ئوخشىمىغان سەۋىيە، ئوخشىمىغان پىكىر دەل ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدىغان، ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدىغان كەڭرى سەھنىدۇر. بۇ نۇقتىدىن ئادەملەرنى بوغۇشلاپ، ھەممىنى بىر قېلىپقا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ئىنسان تەبىئىتىگە زىت ھەرىكەتلەردۇر. ئىنسان تەبىئىتىگە زىت ھەرقانداق ھەرىكەت مەيلى ئۇ قانچىلىك ئۇلۇغۋار، دەبدەبىلىك تەشۋىق قىلىنىدىشىدىن قەتئىينەزەر ھامان ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ.

دېمەك، ھەر قايسى ساھەدىكى ئۇستازلار، قېرىنداشلار ئەڭ ئاۋۋال ئىنساننىڭ ئاللاھ ياراتقان ئۆزگىچە تەبىئىيتىنى بىر قەدەر ئېچكىرىلەپ چۈشىنىشكە كۈچىشىمىز، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى رۇخسەت بەرگەنلىكى ئىشكىلەرنى داغدام ئېچىۋېتىشىمىز، دىنىمىز يول قويغان دائىرىدە پىكرىي ئوخشىماسلىقلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز، ھە دېسىلا باشقا قېرىنداشلارنى ئۆزىمىزگە دۈشمەن، رەقىب سايلىۋالماسلىقىمىز لازىم.

گېپىمىزنى ئەسلى تېمىمىزغا يۆتكىسەك، ئىنكارچىلارنىڭ مەقسىتى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بولىدۇ. ھېچبىر ئادەم ئۆزىنى ئۆزى ماختىغان، ئۆزىنى كۆككە كۆتۈرگەن، ئۆزىنى بازارغا سالغان ئادەمنى ياقتۇرمايدۇ. شۇڭلاشقا ئىنكارچىلار ئۆزىنى بىۋاستە بازارغا سالماستىن، بەلكى باشقىلارغا باھا بەرگىلى تۇرىدۇ. ئەتراپىغا ئۆزىنىڭ مۇرت-مۇخلىسلىرىدىن بىر نەچچىنى يىغىۋېلىپ ئەل-جامائەت ئىچىدە نامى بار، ئاتالغان شەخسلەرنى بىر-بىرلەپ تاسقىغىلى تۇرىدۇ. ئېغىزغا ئالغۇدەك بىرەر ئەيىب-نۇقسانىنى تاپقان ھامان «قىلنى پىل كۆرسىتىپ» بولۇشقا داۋراڭ سالغىلى تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەتراپىدىكى بىر نەچچە

ئىخلاسمەنلەر بۇ داڭقانپۇتى گەپلەرنى يەرمۇ-يەر، گەشمۇ-گەش تارقاتقىلى تۇردۇ. ئاقىۋەتتە ئېغىر ئىختىلاپلارنى، زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ نۇرغۇن ۋاقت، زېھىن ئىسراپچىلىقلىرىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئۆلىمالارنى ئىنكار قىلىش، ئۇلارغا تەنە قىلىش ئۇلارغا ئازار بەرگەنلىكتۇر. ئۆلىمالارغا ئازار بەرگەنلىك ئاللاھنىڭ ياخشى دوستلىرىغا ئازار بەرگەنلىكتۇر. ئىلمىگە ئەمەل قىلغان ئۆلىمالار ئاللاھنىڭ دوستلىرى دەپ سۈپەتلىنىشكە ئەڭ لايىق. ئۆلىمالارغا ئازار بېرىش ئىنتايىن خەتەرلىك. چۈنكى ئاللاھ تائالا دوستلىرىنى دۈشمەن تۇتقۇچىلارغا جەڭ ئېلان قىلغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس قۇدۇسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئاللاھ: كىمكى مېنىڭ دوستلىرىمنى دۈشمەن تۇتىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىمەن، دېدى.»[1] مەيلى دىنىنىڭ قايسى ساھەلىرىدە خىزمەت قىلىدىغانلار بولسۇن، كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن ئالىم-ئۆلىمالارغا، پىشقەدەم پېشىۋالارغا ۋە ئۆزىدىن چوڭ ياكى كىچىك سەپداشلىرىغا تەنە قىلماسلىقى، بىر-بىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، خىزمەتلىرىگە يىراق-يېقىندىن ياردەمدە بولۇشى لازىم.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۇرغۇنلۇق ۋە پىكرىي قاتماللىقلاردىن قۇتۇلۇش پىكىرلىرى يېتەكچىلىكىدە نۇرغۇن يۈكسىلىشلەر، ئىلغار پىكىرلىك ياش ئالىم-ئۆلىمالار، دىنىنى توغرا چۈشەنگەن ئىخلاسمەن، دىنىغا سادىق قېرىنداشلار بارلىققا كەلدى. ئەلۋەتتە بۇ ئالقىشلاشقا تېگىشلىك ئىش. بىراق بۇ ياخشى قېرىنداشلارنىڭ سايىسىغا ئەگىشىپ يەنە بىر تۈركۈم «پىكرى ئېلغار، قىلىقى ناچار» قېرىنداشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ قېرىنداشلىرىمىز قارىماققا دىنىي ئىشلاردا ۋە دىنىي مۇداپىئە قىلىشتا چىڭ تۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئەپسۇسكى، بۇلاردا ئېتىقادتا جېدەلخورلۇق قىلىش، فىقھى مەسىلىلەردە ئۆزى بىلگەنچە سۆزلەش، ئۇششاق ئىشلارغىلا ئېسىلىۋېلىش، روھىي قۇرغاقلىق، باشقىلار بىلەن مۇنازىرە ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغاندا قوپاللىق قىلىش، يول قويماسلىق، ھە دېگەندىلا مەسىلىلەرنى يامان تەرەپكە بۇراپ تەسەۋۋۇر قىلىش، ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دېيىش، رېئاللىقنى نەزەردىن ساقىت قىلىش، نېمىنى ئاۋۋال نېمىنى كېيىن قىلىشنى بىلمەسلىك، باشقىلارغا ئالدىراپلا تون پېچىش قاتارلىق يەنە بىر تالاي ئىللەتلەر ساقلانغان.

بۇ قېرىنداشلارنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋە شۇ قاتاردىكى بىر تۈركۈم ئىللەتلىرى تۈزىتىلسە، چوقۇمكى بۇلاردىكى قىزغىنلىق، جۇشقۇنلۇق، پىداكارلىق ئىسلامي كەيپىياتقا زور ھاياتي كۈچ بەخش ئېتىدۇ. بۇ قېرىنداشلارنىڭ كۆپىنچىسى يېڭىدىن ھىدايەت تاپقان، ئۇيغۇرچە تەرجىمە ماتېرىياللار ئارقىلىق ئىمان-ئىسلامنى چۈشەنگەن قېرىنداشلاردۇر. بىز بۇلاردىن ناھايىتى پەخىرلىنىمىز، بۇلاردىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتىمىز. شۇنداقلا بۇلارغا دىن ۋە دىنى مەسىلىلەرنى مۇكەممەل چۈشىنىشتە پەقەت تەرجىمە ماتېرىياللارغىلا تايىنىۋالماستىن، بەلكى ماتېرىياللاردىكى مەزمۇنلارنى رېئاللىققا توغرا تەتبىقلاپ بېرىدىغان، ئىمانى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئۇستازلارنىڭ پېشىنى تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگە نەزەر سېلىپ باقىدىغان بولساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ھوزۇرىدا مۇئەييەن ۋاقت دىن ئۆگىنىپ، ئۆزىدە يېتەكچىلىك، دەۋەتچىلىك سالاھىيىتى ھازىرلىغان كىشىلەرنى يۇرت-يۇرتلارغا ئۇستاز قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ئەلۋەتتە «بۇ ئىلىم دىنىدۇر، شۇڭا دىنىڭلارنى كىملەردىن ئۆگىنىۋاتقىنىڭلارغا قاراڭلار.»[2] يەنە بىر ئەسەردە «كىمنىڭ دىنىدا ئۇستازى بولمىسا ئۇنىڭ ئۇستازى شەيتاندۇر» دېيىلگەن. شۇڭلاشقا ئىمانىغا سادىق، دىنىغا ئىخلاسمەن قېرىنداشلار تەرجىمە كىتابلارنى كۆپ كۆرۈش، ئېنتېرنېتتىكى ھەرخىل تەبلىغلەرنى كۆپ تىڭشاش بىلەن بىللە ئۆزى ئىمانىغا ئىشىنىدىغان، دەل مەسىلىلەردە مەسلىھەت بېرەلەيدىغان بىرەر ئۇستازنىڭ پېشىنى تۇتىشى لازىم. ئەلۋەتتە ئۇستازىم بار دەپلا تەرجىمە ئەسەرلەرنى ۋە ئۇستازلارنىڭ تەبلىغلىرىنى قارا-قويۇق ئىنكار قىلىش ئاقىلانىلىك

[1] «بۇخارى» 7 \ 190-بەت

[2] «مۇسلىم» 1-توم 14-بەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى uyghurkitap.com

بولمىغاندەك، ئۇن-سىن بۇيۇملىرى ياكى تەرجىمە ئەسەرلەردىكى دەۋەتلەر بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، بىرەر ئۇستازنىڭ پىشىنى تۇتماسلىق، ئەتراپىدىكى ئالىم-ئۆلىمالارغا كۆزنىڭ پاختىسىنى چىقىرىش، ھە دېگەندىلا ئۆزىنىڭ بەزىبىر ئىلغار پىكىر-قاراشلىرىنى دەستەك قىلىپ يۇرت پېشىۋالىرىغا، پېشقەدەملەرگە، مەشھۇر ئۇستازلارغا شىللىق ئېتىش، باشقا قېرىنداشلار بىلەن ئۇۋەتگە سوقۇشتۇرۇش قاتارلىقلارمۇ نادانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە ئىسلامى سەپكە يېڭىدىن قوشۇلۇۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى يېتەكلەش، مەنئىيىتىنى تازىلاش، ھەقىقى ئىسلام بويىسىدا ئېرىتىپ، ئىسلامچە قىلىپتا قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئۇچۇن ئۇنىۋېرسال ساپاغا، مۇئەييەن بىلىم قۇرۇلمىغا ئىگە ھېكمەتلىك دەۋەتچىلەر كېرەك. بىز بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىنى فەقەھ ئۇستازلارغا، پېشىۋالارغا ئارتىپ قويساق، ئۇلارنىڭلا ۋەزىپىسى دەپ قارىۋالساق بولمايدۇ. فەقەھ ئۆلىمالار پۈتۈن بىر خەلقنىڭ ھەر قايسى تەرەپتىكى ئومۇمى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، پەتىۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. دەۋەتچىلەر ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتمىسى ھەمدە فەقەھ ئۆلىمالارنىڭ ۋە ئۆز دىيارىدىكى مۇشۇ ساھەدە ئۆزىدىن بۇرۇن ئىز سالغان پېشقەدەملەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئاللاھ بىلدۈرگەن توغرا ئېتىقاد ۋە توغرا قاراشلارنى باشقا مۇسۇلمان ئاممىغا، يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا يەتكۈزىدۇ.

دەۋەتچى قېرىنداشلار يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان ياشلارغا دىننى چۈشەندۈرۈشتە تەلىم-تەربىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، روھنى پاكلاشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. ئۇلارغا بىر پۈتۈن ئىسلام تارىخى ۋە ئۆزىنىڭ مىللىي ئىسلام تارىخىنى توغرا يەكۈنلەپ، ئۇلاردا ئىسلامى ئېتىخار تۇيغۇسى پەيدا قىلىشى زۆرۈر. بۇ جەرياندا بىر پۈتۈن ئىسلام تارىخىغا ۋە مىللىي ئىسلام تارىخىمىزغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلارغا تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇجاھىدلار، ھەققەتپەرۋەر ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى كۆپرەك سۆزلەپ بېرىش، ئۇلار ھەققىدە بىرلىكتە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، مۇمكىن بولسا، يۇرت-يۇرتلاردىكى ھايات پېشىۋالارنى، پېشقەدەملەرنى ۋاقتى-ۋاقتىدا يوقلاپ، ئۇلاردىن تەجرىبە ئۆگىنىش، ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئۆرنەكلىك تەرەپلەرنى خۇلاسىلەپ، ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇكچىلىككە خاتىمە بېرىش ناھايىتى زۆرۈر.

مۇشۇنداق زۆرۈرىيەتلەر بولغاچقا، يېتەكچى دەۋەتچىلەر ھەرخىل نۇق مەيدان سورۇنلاردىكى ياكى ئىنتېرنېت ۋە ئۇنتەخسە، سىنتەخسە ئارقىلىق يەتكۈزۈۋاتقان دەۋەتلىرىدە ۋاپات بولغان پېشقەدەم دەۋەتچىلەر، مەرھۇم پېشىۋالار ۋە ئۆلىمالار ھەققىدە توختالغاندا ئۇلارنى ئالاھىدە ھۆرمەت نامى بىلەن، غايىۋانە مېھرىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپ تىلغا ئېلىش؛ ھايات پېشىۋالار ۋە ئالىم-ئۆلىما، دەۋەتچىلەر ۋە پېشقەدەملەرنى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلگەندە «ئۇستاز»، «ھۆرمەتلىك»، «قەدىرلىك» دېگەندەك ئېتىراپىي سۈپەتلەرنى كۆپرەك ئىشلىتىش كېرەك. ناۋادا قەرەللىك ئۇيۇشتۇرۇلغان دەۋەت سورۇنلار بولسا، بۇ سورۇنلارغا پات-پات ئۇستازلارنى، ئۆلىمالارنى تەكلىپ قىلىپ، تەبلىغ ئاڭلاۋاتقان قېرىنداشلار بىلەن ئۆلىمالار ۋە پېشىۋالار ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنى تارايتىش، ئۆزئارا تونۇشتۇرۇش، ئالىم-ئۆلىمالار ۋە پېشىۋالاردىن سورۇندىكىلەرگە دۇئا ئېلىش لازىم. ناۋادا دەۋەت، تەبلىغلەرنى تور ئارقىلىق قىلىۋاتقان ياكى ئۇنتەخسە، سىنتەخسىلەردە يەتكۈزۈۋاتقان بولسا، دەۋەت، لېكسىيەلەرنى ئاڭلاۋاتقان ئاۋام خەلقنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئىگەللەپ تۇرۇش، مۇمكىنقەدەر ئىخلاسمەن ئاڭلىغۇچىلار بىلەن يۈز تۇرانە سۆھبەت ئورۇنلاشتۇرۇش، ھېچبولمىغاندا تور ئارقىلىق بولسىمۇ قەرەللىك ھالدا راي سىناش پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇش، شۇنداقلا ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ تەلەپ-ئۆتۈنۈشلىرى ۋە پىكىر-ئىلتىماسلىرىغا ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش لازىم...

ئاللاھ ھەممىمىزنى كىبىردىن، مەنمەنچىلىكتىن، رىيا ۋە شۆھرەتپەرەسلىكلەردىن ساقلىسۇن. (ئامىن)

داۋامى كېيىنكى ساندا...




ئەقىل ھەم بىلىم تەرجىمانى بۇ تىل،
روشەن تىل كىشىنى يۈرۈتقۇچى، بىل!

—— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

## ئىلاۋە:

ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى مەزگىللىرىدە تىلىمىزدا ئىجاد قىلىنغان ياكى تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر خېلىلا كۆپ بولغان. بۇ ئىككى دەۋردە روياپقا چىققان ئەسەرلەرگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرغاندا بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقىنىڭ ئىسلامىي ئەسەرلەر بولغانلىقىنى، ھېچبولمىغاندا ئىسلامچە پىكىر ئەندىزىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. ئەپسۇسكى تىلىمىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا تۈرلۈك-تۈمەن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر چېكىنىشكە يۈز تۇتتى. شۇنداق قىلىپ بىر قەرنىدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۇيغۇر تىل ئەدەبىياتىمىز ئۆزىنىڭ ئەدەبىي خاسلىقىدىن چەتلەشتۈرۈلۈپ، ئاللىقانداقتۇر تەتۈر قويۇنلارغا ئەگىشىپ يۈردى. بۇ ۋاقىتلاردا ئىجاد قىلىنغان ياكى تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر دىگۇدەك مەلۇم غەرەز ۋە مۇددىئالارنىلا چىقىش قىلغان بولغاچقا، بۇلار ئەدەبىيات تارىخى زەنجىرىنىڭ بىر ھالقىسى بولۇش سالاھىيىتىگە توشمايدۇ.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارەكلىرى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆز يولىغا يېقىنلىشىش جەريانى بولدى. بۇ جەرياندا ئاللاھنىڭ پەزلى-مەرھەمىتى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى نەشر قىلىندى. بۇ، ئۇزاق مەزگىل ئىسلامىي نەشر ئەفكارلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنغان خەلقىمىزگە نىسبەتەن زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلىدى. بۇ ئۈمىد ۋە ئىشەنچنىڭ تۈرتكىسىدە ئاز بولسىمۇ خېلى ساز بىر تۈركۈم ئىسلامىي تەرجىمە ئەسەرلەر روياپقا چىقتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ساھە نۇرغۇن ئۆلىمالىرىمىز ۋە دىنىي ئىزدەنگۈچىلىرىمىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى-دە، ئىسلامىي ئەسەرلەر بىر-بىرلەپ تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىدى. ھەر نەرسە ئاۋۋال يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ۋاقىتسىرى مۇكەممەللەشكىنىگە ئوخشاش دىنىي ساھەدىكى تەرجىمە ئىشلىرىمۇ ئىجتىھادلىق خالىس تۆھپىكارلىرىمىزنىڭ پىداكارلىق كۆرسىتىشى بىلەن خېلى راۋاجلىنىپ تەخمىنەن 300 دىن ئارتۇق كىتاب كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئەلۋەتتە بۇ ئاز سان ئەمەس. ئەمما ئاز ساندىكى بىر قىسىم تەرجىمە

uyghurkitap.com

قىلغۇچىلاردا تۈزىتىشكە تېگىشلىك بىر تالاي مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقىمۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان رېئاللىق.

ئاپتور بۇ ماقالىسىدە تەرجىمە ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدەنگەن بولۇپ، ماقالىدە تەرجىمانلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر ۋە تەرجىمىنىڭ ئۆلچەملىرىنى بىر قۇر كۆرسىتىپ ئۆتكەن ۋە كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ تەرجىمىچىلىككە ئالاقىدار پىكىر ـ قاراش ۋە نەزەرىيىلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن. بۇ ماقالە دەل بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىسلامىي ئەسەرلەر تەرجىمىچىلىكىدە ساقلانغان بىر قاتار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنداقلا يېڭىدىن تەرجىمىچىلىككە كىرىشىۋاتقانلارغا ئۆگىنىش ماتېرىيالى، مۇشۇ ساھەدە مېڭىۋاتقانلارغا پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ.

بۇ ئەسەر جەمئىي 2 باب، 28 تېمىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ژۇرنىلىرىمىزنىڭ بىر قانچە سانىدا ئۇدا ئۇلاپ بەرمەكچىمىز.

تۆۋەندە ئوقۇرمەنلىرىمىزنى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن ئالدىن خەۋەردار قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئەسەرنىڭ كېيىنكى سان ژۇرنالغا بېرىلىدىغان قىسمىنىڭ مۇندەرىجىسىنى قىستۇرۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇق:

تەرجىمە ماھارىتى

جۈملە بۆلەكلىرى سېلىشتۇرمىسى

تەرجىمىگە سۆز قوشۇش ماھارىتى

تەرجىمىدە زۆرۈر بولغان گرامماتىكىلىق ئامىللارنى قوشۇش ماھارىتى

سۆز قىسقارتىش ماھارىتى

سۆز ئالماشتۇرۇش ماھارىتى

جۈملە بۆلەكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

تولدۇرغۇچىنى تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

ھالەت، رەۋىشلەرنى تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

ئېنىقلىغۇچىنى تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

مەزكۇر تېمىلارغا قىزىققۇچى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىزچىل كېيىنكى سانلارغا نەزەر ئاغدۇرۇشىنى سورايمىز!

## تېمىغا كىرىش:

### 1. تىل

تىل ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە:

تىل ئىنسانلارنىڭ ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىپادىلەش ۋە بىر ـ بىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشتا ئاساسلىنىدىغان مۇھىم ئالاقە ۋاستىسى ۋە قورالى. ئۇ، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل. تىل پەقەت ئىنسانلارغىلا خاس بولۇپ، ئۇ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گرامماتىكىدىن تەركىب تاپقان بىر سىستېمىدۇر. تىل ئىقتىسادىي بازىسمۇ ئەمەس، ئۈستقۇرۇلمىمۇ ئەمەس، بەلكى ئالاھىدە بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. تىل ئىجتىمائىيلىقتا ۋە ئومۇمىيلىقتا ئىگە. تىل بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقى ۋە بىر ـ بىرىگە تايىنىدىغانلىقى تىلنىڭ ئىجتىمائىيلىقىدۇر. تىل جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، جەمئىيەتتىن ئايرىلغان تىل بولمايدۇ، جەمئىيەتمۇ تىلدىن ئايرىلالمايدۇ. تىل بولمايدىكەن، جەمئىيەت مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىياتتىن مەھرۇم بولىدۇ. تىلنىڭ جەمئىيەتتىكى ھەرساھە، ھەرقاتلام كىشىلىرىگە ئورتاق خىزمەت قىلىدىغانلىقى تىلنىڭ ئومۇمىيلىقىدۇر.

تىلنىڭ رولىدىن قارىغاندا، تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە ۋە تەپەككۇر قورالى. تىل بىلەن ئوي ـ پىكرىنى ئىپادىلەش ۋە ئالاقە قىلىش ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدىغان تۈپكى خاسلىقلىرىنىڭ بىرى. شۇڭا ئۇلۇغ تىل ئۇستىسى، شائىر، ئەلشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى: «تىل ئىنساننى ھايۋاندىن جۇدا قىلدى» دەپ يازغان.

تىل بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، تىل بىلەن جەمئىيەت بىر ـ بىرىگە بېقىنىدۇ. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تىل ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. تىل بولمايدىكەن، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توختايدۇ، نورمال بىر

جەمئىيەتنى تىلسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ.

تىل بىر خىل كاتېگورىيە. ئۇ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. تىل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. تىلنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى ئىنتايىن ئاستا ۋە پەيدىنپەي بولىدۇ. قانداق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈستۈن بولسا، شۇ جەمئىيەتنىڭ تىلى تەرەققىي تاپىدۇ. مەلۇم بىر تىلنىڭ ئەلئارا كۆپ قوللىنىدىغان تىلغا ئايلىنىشى شۇ تىل ئىگىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تەسىرىگە قارىتا بولىدۇ. قايسى بىر مىللەت يۇقىرىقى تەرەپلەردە ئالاھىدە ئورۇنغا ئېرىشەلمىسە ياكى چېكىنىپ كەتكەن بولسا، تەبىئىيكى بۇ مىللەتنىڭ تىلىمۇ كۈنسېرى ئاجىزلىشىدۇ ۋە رولى كىچىكلەشكە باشلايدۇ. شۇڭا، مەلۇم بىر تىلنىڭ قايسى دەرىجىدە، قانچىلىك دائىرىدە قوللىنىلىشى تىلنىڭ ئۆزى ياكى تىلنىڭ تەس، ئاسانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى تىل ئىگىسىنىڭ دۇنياغا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە ئەلئارا ئېتىبارىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

## ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە گۈزەل تىل. ئۇ ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىدا قەدىمكى تۈركىي تىللار دەۋرى، ئورخۇن ئۇيغۇر تىلى دەۋرى، ئىدىقۇت-خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى دەۋرى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرى قاتارلىق بىر قانچە دەۋرنى بېسىپ ئۆتكەن.

ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. ئۇنىڭ تارىخى مەدەنىيىتىمىزگە ئوخشاشلا قەدىمىيلىككە ئىگە. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تارىخىدىن بۇرۇن. ئەمما، يېزىق مەيدانغا كەلمىگەن زامانلاردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە پەقەت ئىلمىي پەرەزلەرنىلا ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن.

ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە كىرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشىنىش، تېخىمۇ توغرىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى تارىخى ۋە بۈگۈنكى ئورنىنى چۈشىنىشتە تۈركىي تىللارنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا دىققەت قىلماي بولمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورخۇن دەۋرىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى باسقۇچلىرىنى تۆۋەندىكىدەك دەۋرلەشتۈرسەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئېنىق ئەكس ئەتكۈزگىلى بولىدۇ.

(1) ئالتاي تىلى دەۋرى. بۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەڭ قەدىمقى دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋرنىڭ يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس. ئەمما بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كېيىنكى مەزگىللەردىكى يازما يادىكارلىقلار تىللىرى ۋە بۈگۈنكى تىللارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئالامەتلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پەرەز قىلىش مۇمكىن.

(2) ئاۋۋالقى تۈركىيچە دەۋر. بۇ دەۋرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى تۈركىي-موڭغۇل تىللىرى بىلەن مانجۇ-تۇڭغۇس تىللىرىنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىدۇر. بۇ دەۋرنىڭ يىل چېكى مىلادىيە 1-ئەسىرگىچە دەپ مۆلچەرلەنمەكتە.

(3) ئانا تۈركىيچە دەۋر. بۇ دەۋر مىلادىيە 1-ئەسىردىن مىلادىيە 6-ئەسىرگىچە بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى ئالىملار بۇ دەۋرنى «ھون دەۋرى» دەپ، يىل دەۋرىنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن مىلادىيە 5-ئەسىرگىچە دەپ قارايدۇ.

(4) قەدىمكى تۈركىيچە دەۋر. بۇ، قەدىمكى تۈركىيچە ياكى تۈركىي تىلى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ مىلادىيە 6-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى كۆك تۈرك خانلىقىنى قۇرغان قەدىمكى تۈركىي قەۋملارنىڭ تىلىنى كۆرسىتىدۇ.

(5) ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرى. بۇ دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورخۇن تىلىدىن كېيىنكى يېڭى بىر دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار تۇرپان، تارىم ۋە خېشى كارىدورلىرىغا كىرىپ، قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى، قاراخانىيلار خانلىقى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى قۇرغان. بۇ دەۋر ئۇيغۇر تىلى، جۈملىدىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مىللەت سۈپىتىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە يېزىقنى ئورخۇن يېزىقىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا ۋە ئەرەب يېزىقىغا يۆتكىدى. بۇ دەۋرنىڭ تىلى ۋە يېزىقى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي تىللارنىڭ، يەنى ئەڭ ئالدى بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تىلنىڭ، ئاندىن ئوغۇز-قىپچاق ئەدەبىي تىلىنىڭ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ، ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كونا ئۆزبېك تىلىنىڭ، كونا تۈركمەن تىلىنىڭ ۋە باشقا تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇ دەۋرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دېگۈدەك ئىسلاملىشىپ بولغان ئىدى. بۇنىڭغا «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەرنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

(6) يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا نىسبەتەن ئۇزاق بىر دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋر چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرۇلغۇچىسى چاغاتاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغانلىقى ئۈچۈن، شۇ زامانىنىڭ ئۇيغۇر تىلىمۇ «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئالتە ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت بىر تىلنىڭ مەخسۇس بىر خانىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىشى تازا مۇۋاپىق بولمىغان دەپ قارىلىدۇ. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەرنى ئۆز ئەھلىگە قالدۇرىمىز. شۇنداقتىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى، بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇر تىلى نېمە دەپ ئاتىلىشتىن قەتئىينەزەر نۇرغۇن ئېسىل ئىجادىيەتلەر ۋە تەرجىملەر بارلىققا كەلگەن.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن نەۋائىي، بابۇر، ئەبۇلغازى باھادىرخان، گۇمنام، ئابدۇرېھىم نىزارى، تەجەللىي قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

(7) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. بىرى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن باشلاپ شەكىللەنگەن. 19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن تارتىپ 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغىچە بولغان دەۋر يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كۆچۈشتىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچ بولغان دەيدىغان قاراش. يەنە بىرى، 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ شەكىللەنگەن دېگەن قاراش. خۇلاسە شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىل ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا مېۋە بېرىشكە باشلاپ، ئۈزۈكسىز ھالدا راۋاجلىنىپ كەلدى ۋە شۇ ئاساستا بىرلىككە كەلگەن جانلىق تىل ئاساسىدىكى يازما ئەدەبىي تىل بىلەن مەتبۇئاتچىلىق ئىشلىرى يولغا قويۇلدى، شۇنداقلا شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تىلىمۇ تەبىئىي ھالدا جانلىق تىل ئاساسىدا بولدى. گەرچە ئاز ساندىكى يازغۇچى، شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنى ۋە كلاسسىك يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى جۈملە شەكىللىرىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، جانلىق تىل ئاساسىدىكى ئانا تىلنى قوللىنىش ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى شەكىللەندى ۋە بارا-بارا مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەندى.

بىر مىللەت كىشىلىرى ئورتاق ئىشلىتىدىغان تىل ئورتاق تىل دەپ ئاتىلىدۇ. ئورتاق تىل مىللەت بىلەن تەڭ شەكىللىنىدۇ. ئورتاق تىل مەلۇم دىيالېكت ئاساسىدا شەكىللەنگەن، مەلۇم مىللەتكە تەۋە، خەلققە ئورتاق بولغان تىلدۇر.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئورتاق تىلى ئادەتتە جانلىق تىل ۋە يېزىق تىلى دېگەن ئىككى خىل شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېزىق تىلى جانلىق تىل ئۈچۈن يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. جانلىق تىل يېزىق تىل ئۈچۈن ئاساس بولىدۇ. جانلىق تىل تىل تاۋۇشلىرى، يەنى نۇتۇق ئارقىلىق؛ يېزىق تىلى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان

بولغاچقا، بۇلار روشەن پەرققە ئىگە. يېزىق تىلى جانلىق تىلغا قارىغاندا خېلى مۇكەممەل، قېلىپلاشقان بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى يەنىلا ئەدەبىي تىل ھېسابلانمايدۇ. ئەدەبىي تىل مىللىي ئورتاق تىل ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ.

ئەدەبىي جانلىق تىل ئومۇمەن رادىيو، تېلېۋىزىيە، كىنو، تىياتىر، دوكلات، لېكسىيە، تەشۋىقات ۋە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا قوللىنىلىدۇ. ئۇ تەلەپپۇز قائىدىسىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىدۇ. ئەدەبىي يېزىق تىلى ئومۇمەن گېزىت، ژۇرنال، كىتاب، ھۆججەت... قاتارلىق يازما ماتېرىياللاردا قوللىنىدۇ. ئۇ ئىملا قائىدىسىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېزىقچىلىق ياكى تەرجىمىچىلىككە كىرىشىۋاتقان ھەۋەسكارلار چوقۇم يېزىق تىلى ۋە جانلىق تىلنىڭ پەرقىنى، شۇنداقلا كىتابىي ئەدەبىي تىل بىلەن يېزىق تىل ۋە جانلىق تىلنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىۋېلىشى ۋە ھەممىنى ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇندا ئىشلىتىشكە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

## ئەرەب تىلى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك تىل كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا تىلى بولىدۇ، ئەرەب تىلى ئەرەب مىللىتىنىڭ ئورتاق تىلى. ئۇ قەدىمى سام تىلىدىن كېلىپ چىققان، سام تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

سام تىلى سىستېمىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر نەچچە خىل تارمىقى بار. ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ خىلدىن ئىبارەت:

(1) بابىل ۋە ناسىرىيە مىخ يېزىقى. بۇ ئاخات تىلى ياكى شەرقى سام تىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

(2) سۇرىيە مېسوپاتامىيەنىڭ قەدىمى تىلى. بۇ شىمالى سام تىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

(3) ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھەر قايسى تىل تۈرلىرى. بۇ جەنۇبى سام ياكى غەربى جەنۇبى سام تىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

بىزنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىمىز بولغان ئەرەب تىلى شىمالى ئەرەبىستان تىلىدۇر. ئەرەب تىلى تارىخى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا قەدىمكى زامان ئەرەب تىلى «اَللُّغَةُ الْعَرَبِيَّةُ الْقَدِيْمَةُ»، كلاسسىك ئەرەب تىلى «اَللُّغَةُ الْعَرَبِيَّةُ الْكِلاَسِّكِيَّةُ» ۋە ھازىرقى زامان ئەرەب تىلى «اَللُّغَةُ الْعَرَبِيَّةُ الْحَدِيْثِيَّةُ»دىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

قەدىمكى زامان ئەرەب تىلى ئەرەب جەمئىيىتى سىنىپلارغا بۆلۈنۈشتىن بۇرۇنقى قەدىمى ئاسارە - ئەتىقىلەردە ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ .

كلاسسىك ئەرەب تىلى كېيىنكى تەرەققىيات دەۋرى (مىلادىيە 500 - يىللاردىن 600 - يىللار)گە مەنسۇپ بولۇپ، ھازىرمۇ كۆپلىگەن ئەدەبىي مىراسلاردا ساقلىنىپ كېلىنمەكتە.

كەبىگە ئاسقان يەتتە داستان «اَلسَّبْعُ الْمُعَلَّقَاتُ»... كلاسسىك ئەرەب تىلىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن دەپ قارىلىدۇ. كلاسسىك ئەرەب تىلى ئەرەب مەدەنىيىتى گۈللەنگەن 8 - ئەسىردىن 12 - ئەسىرگىچە (مىلادى 750 - يىللاردىن 1055 - يىللار) ئوتتۇرا شەرق خەلقلىرىنىڭ مەدەنى ھاياتىدا ئورتاق تىلغا ئايلاندى. شۇنداقلا بۇ رايوندىكى باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭ تىللىرىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. جۈملىدىن تۈرك، پارس، ھىندى، ئوردۇ تىللىرىنىڭ لۇغەت تەركىبىدە ئەرەب تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئەرەب تىلى كلاسسىك ئەرەب تىلىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل، مەنىگە باي چوڭ تىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئەرەب تىلىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كلاسسىك ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەردىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئەمما ھازىر بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسى كېڭەيدى، بەزى يېڭى سۆزلەر ياسالدى ۋە بەزى ئاتالغۇلار چەتئەل تىللىرىدىن قوبۇل قىلىندى.

ھازىر دۇنيادا ئىراق سۈرىيە ، لىۋان،

ئىئوردانىيە، پەلەستىن، يەمەن، سەئۇدى ئەرەبىستانى، كۇۋەيت، بەھرەين، قاتار، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، ئۇمان، مىسىر، سۇدان، تۇنىس، ئالجىرىيە، ماراكەش، لىۋىيە، ماۋرىتانىيە، سومالى، جىبۇتى قاتارلىق 22 دۆلەتنىڭ نەچچە يۈز مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىسى ئەرەب تىلىنى ئانا تىل سۈپىتىدە قوللىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ تىلى بىۋاستە ئەرەب تىلى بولمىسىمۇ، بىراق ئەرەب تىلى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى قۇرئان تىلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارمۇ ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىدۇ. ئەقەللىسى ئىبادەت ئېھتىياجى ئۈچۈن بولسىمۇ، بىر نەچچە كىچىك سۈرىلەرنى يادلاشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، دۇنيا بويىچە بىر مىلياردتىن ئارتۇق مۇسۇلمانلار ئەرەب تىلى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىدۇ.

نۆۋەتتىكى تېمىمىزنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى ئۇيغۇر تىلى ياكى ئەرەب تىلى تارىخى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا بولمىغاچقا، بىز پەقەت ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەرەب تىلى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، باش تېمىمىز بولغان تەرجىمىچىلىك توغرىسىدا، بولۇپمۇ ئەرەب تىلى ئۇيغۇر تىلى تەرجىمىچىلىكى توغرىسىدا بىر قەدەر تەپسىلىي توختىلىمىز.

## 1. تەرجىمە ھەققىدە

بىر ئادەم ئۆز ئەتراپىدا يولۇققان ئىشلار بىلەنلا بولسا، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى تارراق بولىدۇ. مۇبادا ئۇ ئادەم ئۆز ئەتراپىدىن ھالقىپ، تېخىمۇ كۆپ شەيئىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرسا، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ. نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە ئەتراپىي ئالەمنى كەڭ دائىرىدە چۈشىنىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار. بىرى جاھان كېزىش، يەنە بىرى تەرجىمىدىن پايدىلىنىش. بىراق ھەممە ئادەم جاھان كېزىپ يۈرەلمەيدۇ ـ دە، ئۇنداقتا بىزگە نەق ئەسقاتىدىغان، نان بېرىدىغان ئۇسۇل تەرجىمىدۇر.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا ئىككى خىل تىل بىلەن سۆزلىشىدىغان ئىككى مىللەت ئارىسىدا تەرجىمە پائالىيىتى مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. بۇ پائالىيەت ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ داۋاملىق گۈللەنمەكتە.

تىل ئېغىز تىل ۋە يېزىق تىل دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنگەندەك، تەرجىمىمۇ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىرى ئېغىز تىل تەرجىمىسى، بۇنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق. تىل پەرقى قاچان پەيدا بولغان بولسا، ئىنسانلار تۈپىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن تەرجىمىمۇ شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ پەيدىنپەي شەكىللەنگەن.

يەنە بىرى يېزىق تەرجىمىسى. يازما مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، يازمىچە تەرجىمىنىڭ تارىخى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللاردىنمۇ مۇقەددەم.

قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دەۋردە تەرجىمە پائالىيىتىمۇ گۈللىنىشكە باشلىغان. مىلادىيەدىن 3200 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن مىسىر شاھى پىرئەۋنىنىڭ ئىككى تىلدا يېزىلغان خېتى شۇ دەۋرنىڭ تەرجىمە پائالىيىتى قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى بىلەن بىرگە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مىلادى 4 ـ ئەسىردىن باشلاپ يۇنان ئاسترونوملىرى ۋە تېببىي پەن ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرى سۈرىيە تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىغان. 7 ـ ۋە 8 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە قەدىمكى گېرىك پەيلاسوپلىرىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇزلاردىن ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ۋە فارابىيلارنىڭ ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى ئەنە شۇ تەرجىمىچىلىك پائالىيىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

مىلادى 813 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن ئاbباسى خەلىپىلىكىنىڭ 7 ـ ئەۋلاد خەلىپىسى باغدادتا «بَيْتُ



www.uyghurkitap.com

الْحِكْمَة» (ھېكمەتخانا) ناملىق بىر مەدرىسە تەسىس قىلىپ، يۇنان پەلسەپە ئىلمى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش پائالىيىتىگە ئىلھام بەرگەن.

ئەڭ ئاۋۋال تەرجىمىچىلىكنى راۋاجلاندۇرغان كىشى قۇستى ئىبنى لوقا بولۇپ، ئۇ ئارىستوتېل قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

يەنە بىرى ئەرەب دۇنياسىدا «تەرجىمانلار پىرى» دەپ نام ئالغان ھۇنەيىن ئىبنى ئىسھاق(؟...873). بۇ كىشى ئەپلاتۇن ۋە جالۇت ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان.

تەرجىمە خىزمىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىمۇ ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. ئۇيغۇرلار شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈگۈنى بولغان «يىپەك يولى»غا جايلاشقان بولغاچقا، غەربتە ئىران ئىسلام مەدەنىيىتى ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىز مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغان. 10-ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىش پائالىيىتى زور كۆلەمدە ئومۇملىشىشقا باشلىغان. بۇنىڭغا 12-ئەسىردە تەرجىمە قىلىنغان «قۇرئان تەرجىمىسى»، چاغاتاي ئەدەبىياتى گۈللەنگەن دەۋرلەردە پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان «شاھنامە»، «گۈلىستان» ۋە «مىڭ بىر كېچە»گە ئوخشاش ئەسەرلەرنى ئۆلگە قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىشتا، ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى بارلىق مۇسۇلمان تەرجىمانلار بىردەك «قۇرئان»نى مەزمۇن جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇسلۇب جەھەتتىمۇ تەقلىد قىلىش مۇمكىن ئەمەس، شۇنداق ئىكەن قەدىمى نەزمىي نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «قۇرئان»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلىپ چىقىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ. چۈنكى تەرجىمە قىلىنىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ جەددىي جانلىق سۆزلىرى ئۆلۈك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. گراماتىكىلىق قۇرۇلمىلىرىنىڭ ھەربىر ھۆججەتلىرىگە قەدەر چوڭقۇر سىڭگەن بەدىئىي مەزمۇن يوقىلىپ كېتىدۇ، گۈزەل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلىرى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، پاساھەت-بالاغىتىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەممەس دەپ قاراشقان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىۋاتقان جەمئىيەت ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، دىنىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

ئۇلار دەسلەپ «خەتمۇ-خەت تەرجىمە قىلىش» ئۇسۇلىنى، كېيىن تەپسىرلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان. 12-ئەسىردە تەرجىمە قىلىنغان «قۇرئاننىڭ تەرجىمىسى» بۇنىڭ مىسالى.

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن بولسۇن ياكى بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بولسۇن، تەرجىمىچىلىك خىزمىتى يېڭى بىر ئىش بولماستىن، بەلكى ناھايىتى ئۇزاق تارىخى جەريانغا ئىگە بىر مەسىلىدۇر.

ئەجدادلىرىمىز تەرجىمىچىلىكنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بويىچە ئۆز تىلىدىن چەت تىلغا، چەت تىلدىن ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىش، ئېغىز تەرجىمىسى، قۇرئان-ھەدىس تەرجىمىسى ۋە گېزىت-ژۇرنال تەرجىمىسى، خەتمۇ-خەت تەرجىمە ۋە مەنا تەرجىمە، تولۇق تەرجىمە ۋە قىسقارتىلغان تەرجىمە قاتارلىق بارلىق تۈرلەرنى ئالللىقاچان بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. شۇنداقلا ئەينى دەۋرلەردە ھەر قايسى ساھەدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازىنىپ، بىزلەرگە نۇرغۇن ئۆچمەس نەمۇنىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. شۇنداق ئىكەن، بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەرجىمىچىلىك ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەكۈنلەپ، بۇ ساھەدە ئەجدادلىرىمىزغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، تەرجىمىچىلىك ساھەسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز ۋە تېخىمۇ راۋاجلاندۇرىشىمىز لازىم.

## 2. تەرجىمىنىڭ ئەھمىيىتى

شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ 8-ئەسىردە

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئۆتكەن بۈيۈك ناماياندىسى جالالىددىن رۇمىنىڭ مەسەللىرىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بايان قىلىنىدۇ: تۆت ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ بىر دىرھەم تېپىۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى پارس، بىرى تۈرك، بىرسى يۇنان، يەنە بىرى ئەرەب ئىكەن. ئۇلار بىر دىرھەم پۇلنى قانداق بۆلۈشۈش ھەققىدە جېدەللىشىپ قاپتۇ. پارس: «ئەنگۇر» سېتىۋېلىپ بۆلۈشۈپ يەيلى دەپتۇ، ئەرەب «ئىناب» سېتىۋالايلى دەپتۇ، تۈرۈك: ئەنگۇر ـ يەنگۈرۈڭنى قوي، ئىناب ـ يىناپ دېگىنىڭ نېمە؟ ئەڭ ياخشىسى «ئۈزۈم» سېتىۋالايلى دەپتۇ. يۇنان «ئىستاپىل» سېتىۋالىمىز دەپتۇ. دېمەك پارس «ئەنگۇر» ئالماقچى، ئەرەب «ئىناب» ئالماقچى، تۈرك «ئۈزۈم» ئالماقچى، يۇنان بولسا «ئىستاپىل» سېتىۋالماقچى، بۇلار شۇنداق دەتالاش ئۈستىدە تۇرغاندا، ھەرخىل تىللارنى بىلىدىغان بىر سەيياھ يولۇقۇپتۇ، ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ھېلىقى بىر دىرھەمگە «ئۈزۈم» ئېلىپ بېرىپتۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جېدەلدىن توختاپ ئۆلپەتچىلىك داستىخىنىغا يۈكۈنۈپتۇ.

بۇ رىۋايەت ئەمەلىي رېئاللىقتا يۈز بەرگەن ياكى بەرمىگەنلىكىدىن قەتئىيىنەزەر ئىنسانىيەت ھايات مۇساپىسىسىدىكى ئورتاق تەلپۈنۈشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنداقلا تىل بىلمەسلىك تۈپەيلىدىن شۇ تەلپۈنۈشلەر تۇغرا ئىپادىلەنمەي ئارىدا ئارازلىقلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ۋە كۆپ تىل بىلىش خاسىيىتىدىن ھاسىل بولغان ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقنى مېغىزلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ تەرجىمىچىلىك ئىلمىنىڭ نەقەدەر خاسىيەتلىك ۋە پايدىلىق ئىلىم ئىكەنلىكىنىڭ ياخشى بىر مسالى بولالايدۇ.

## 3. تەرجىمىنىڭ تەبىرى

تەرجىمە دېگەن سۆز ئەرەبچە تَرْجَمَ-يُتَرْجِمُ تەرجىمە قىلدى، تەرجىمە قىلىدۇ دېگەن پېئىللارنىڭ سۆز تومۇرى (مَصْدَر) بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى كونا ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆۋرمەك» (سۆز ئۆۋرمەك)، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «تەرجىمە قىلماق» دېگەن بولىدۇ.

تەرجىمىشۇناسلار تەرجىمىگە تۆۋەندىكىدەك تەبىرلەرنى بەرگەن:

(1) مەلۇم بىر تىلدىكى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن ئۇقۇمنى يەنە بىر تىلدىكى تەڭ قىممەتلىك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش تەرجىمە دەپ ئاتىلىدۇ.

(2) تەرجىمە بىر تىلدا ئىپادىلىگەن ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىككىنچى بىر تىلدا قايتا ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئىجادىي پائالىيەت.

(3) تەرجىمە بىر تىلدا خاتىرىلەنگەن ئۇقۇمنى يەنە بىر تىلدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ۋاستە.

(4) تەرجىمە ئەسلى تىلدا ئىپادىلەنگەن مەنانى يەنە بىر تىلدا ئاشۇرۇۋەتمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن، دەلمۇ ـ دەل، تەڭ قىممەتتە ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت تەكرار ئىجادىيەت.

(5) تەرجىمە تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، باشقا بىر تىلدىكى مەزمۇننى ئۇقمايدىغانلارغا ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان ئالاقە ۋاستىسى.

(6) تەرجىمە دېمەك، باشقا بىر تىلدىكى ئىپادىلەش ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ ئايرىلماس بىرلىكنى يەنە بىر تىلنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىسى بىلەن ئېنىق ۋە تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش دېمەكتۇر.

(7) تەرجىمە ئىككى تىلنى ئۆز ـ ئارا ئالماشتۇرۇش سەنئىتى، ئۇنىڭ قورالى تىل، شۇڭا بۇرۇنقىلار تەرجىمانى «تىلماچ» دەپ ئاتىغان.

(8) تەرجىمە ئوخشىمىغان مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ۋاستىچىلىك قىلىدىغان كۆۋرۈك، ئۇنىڭ ماھىيىتى پىكىر يەتكۈزۈش.

يۇقىرىقى تەبىرلەردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، تەرجىمىنىڭ مەزمۇنى ئىدىيە، شەكلى تىل. تەرجىمە تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىدىيەگە سادىق بولۇشنى ۋەزىپە، تىلدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىشنى قورال قىلىدۇ.

## 4. تەرجىمىنىڭ تۈرى

تەرجىمىنىڭ تۈرى كۆپ دائىرىسى كەڭ، تەرجىمىگە بېرىلگەن تەبىرلەرگە ئاساسلانغاندا، تەرجىمە مۇنداق بىر نەچچە ئاساسى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) تەرجىمە تىل جەھەتتىن ئالغاندا، ئۆز تىلىنى ئۆزگە تىلغا تەرجىمە قىلىش ۋە ئۆزگە تىلنى ئۆز تىلغا تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. مەسىلەن: ئەرەبچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش، ئۇيغۇرچىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىش دېگەندەك.

(2) ژانىرلارنىڭ خاراكتېرى بويىچە ئايرىغاندا، تەرجىمە سىياسىي نەزەرىۋىي ئەسەرلەر تەرجىمىسى، پەن-تېخنىكا ئەسەرلەر تەرجىمىسى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر تەرجىمىسى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

(3) ماتېرىيال تارىخىغا قاراپ قەدىمى ئەسەرلەر تەرجىمىسى، كلاسسىك ئەسەرلەر تەرجىمىسى ۋە ھازىرقى زامان ئەسەرلەر تەرجىمىسى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن تاشقىرى يەنە تەرجىمىگە چۈشكەن ئېھتىياج ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ، تەرجىمە ئادەتتىكى تەرجىمە ۋە پەۋقۇلئاددە تەرجىمە دېگەندەك تۈرلەرگىمۇ ئايرىلىدۇ. ئادەتتىكى تەرجىمە دېگەندە ئەسلى ئورىگىنالنى كەم-كۈتىسىز، ئەينەن، تولۇق تەرجىمە قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پەۋقۇلئاددە تەرجىمە دېگەندە، ئالاھىدە مەقسەتنى، ئالاھىدە ۋەزىپىنى ۋە ياكى ئالاھىدە ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەسلى ئورىگىنالنى كۆكلەپ (ئاتلاپ، تاشلاپ، ئۆزۈپ ئېلىپ) ياكى يۇغۇرۇپ، قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تەرجىمە قىلىش زۆرۈر، ئەمما ئەسەرنىڭ ھەجمى بەك چوڭ، مىقدارى كۆپ بولغاچقا، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئىمكانىيەت يار بەرمىگەن شارائىتتا پەۋقۇلئاددە تەرجىمە ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. زۆرۈرىيەت بار تۇرۇپ تەرجىمە قىلماي نائۈمىدتە يۈرگەندىن كۆرە، ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىشىچە قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىپ پايدىلانغان ياخشى. لېكىن بۇنداق ئەھۋالدا شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئىمكانقەدەر ئەسەر ئاپتورىنىڭ قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىش ھەققىدىكى پىكرىنى ئېلىش لازىم. ئەگەر بۇنىڭغا ئىمكان بولمىسا، قىسقارتىشتا قاتتىق ئەستايىدىل بولۇش كېرەك. سۆز-جۈملىلەرنى ياكى بىر پۈتۈن ئابزاسلارنى ئاڭسىز تاشلاپ كېتىش ياكى تەرجىمە قىلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈنلا تاشلاپ كېتىشتىن ساقلىنىش لازىم.

## 5. تەرجىمىنىڭ ئۆلچىمى

تەرجىمە ئۆلچىمى تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولغان مىزان، تەرجىمىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم، شۇنداقلا تەرجىمانلارنىڭ ئۆزلۈكسىز تىرىشىپ يېتىدىغان نىشانى.

تەرجىمە ئۆلچىمى توغرىسىدا ھەر ساھە تەرجىمە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە بىر-بىرىگە پەقەتلا ئوخشىمايدىغان، ھەتتا بىر-بىرىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىدىغان تەشەببۇسلىرى بار.

بىز تۆۋەندە قەدىمدىن ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەرجىمە ئۆلچەملىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتىمىز:

(1) ساپ بولۇش ۋە پاساھەتلىك بولۇش

بۇ مىلادى 2-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەيدانغا كەلگەن قاراش بولۇپ، «سىدام تەرجىمە» ۋە «مەنەن تەرجىمە»دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئېقىمنى شەكىللەندۈرگەن.

بۇنىڭدا «پاساھەتلىك بولۇش» ئۈچۈن ئەسلى ئەسەردە مەلۇم بىر پىكىر قانداق سۆز، قانچە سۆز ۋە قانداق گىراماتىكىلىق شەكىل بىلەن كەلگەن بولسا، ئۇلارنى شۇنداق شەكىلدە ئىككىنچى تىلغا ئالماشتۇرۇش، ئەسەرنى زاماندىن-زامانغا ئۆچمەي، قولدىن-قولغا

ئۆتۈپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، تارقىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن «قاش ـ قۇلاق»لىرىنى جايىدا چىقىرىپ، ھەشەمەتلىك، لاتاپەتلىك، قەدىمى تىل گۈزەللىكى ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان، قەدىمى ئۇسلۇبى گۈپۈلدەپ تۇرىدىغان پاساھەتلىك، بالاغەتلىك سۆز ئىبارىلەرنى قوللىنىپ تەرجىمە قىلىش كېرەك. بۇ «سىدام تەرجىمە» ئۆلچىمى كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشتا ئۆلچەم قىلىنغان.

مىلادى 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى (602 ـ 664 ـ يىللىرى) «چىنلىقتا يىتىش» ۋە «ئامماباب قىلىش»تىن ئىبارەت تەرجىمە ئۆلچىمى مەيدانغا چىقتى. شۇندىن ئېتىبارەن «مەنەن تەرجىمە» ئېقىملىرى زور كۆلەمدە راۋاجلاندى. كېيىن «سىدام تەرجىمە» بىلەن «مەنەن تەرجىمە» ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ «يېڭىچە تەرجىمە» دېگەن نام بىلەن بىرلىككە كەلدى.

(2) «تەرجىمىگە ماھىر بولۇش» ۋە «دۇرۇس، راۋان، گۈزەل بولۇش»

بۇ ئۆلچەم 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى (1894 ـ يىللىرى) ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ خىلى كەڭ بازار تاپتى.

1898 ـ يىللىرىغا كەلگەندە تەرجىمە ئۆلچىمى «دۇرۇس بولۇش، راۋان بولۇش، گۈزەل بولۇش»تىن ئىبارەت ئۈچ جۈملە بىلەن خۇلاسىلەندى.

(3) «چۈشىنىشلىك بولۇش» ۋە «ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاش»

بۇ ئۆلچەم 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ تەرجىمىچىلىك ساھەسىدە بىر قەدەر مۇكەممەل سىستېمىغا ئايلاندى.

(4) «توغرا، راۋان، چۈشىنىشلىك بولۇش»

ھازىرقى زامان تەرجىمە مۇتەخەسسىسلىرى تەرجىمىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بۇرۇنقى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ھازىرقى ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، «توغرا، راۋان بولۇش»تىن ئىبارەت يېڭى ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بۇنى تەرجىمە خىزمىتىنىڭ مىزانى قىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى: تەرجىمە دېگەن ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى خەلق ئىچىدە قېلىپلاشقان تەرجىمە تىلى ئارقىلىق توغرا ۋە تولۇق ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، ئەسلى ئەسەر بىلەن بىردەك بولغان پاساھەت، بالاغەت ۋاستىلىرىنى ساقلاپ قىلىشتىن ئىبارەت.

ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن تىلنى بىر گەۋدە قىلىپ، ئۇنى باشقا بىر تىل بىلەن تولۇق ئىپادىلەش دېمەكتۇر.

بۇ ئورۇندا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تەرجىمە ئۆلچىمىگە ھەققىي يېتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم.

(1) «كەلسە ـ كەلمەس تەرجىمە قىلىش»تىن ساقلىنىش لازىم، بۇ مەزمۇننى بۇرمىلاش ياكى چۈشەنمەيلا قارىسىغا تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت.

(2) «سۆزمۇ ـ سۆز تەرجىمە قىلىش»تىن ساقلىنىش لازىم، يەنى تەرجىمە تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا ئەھمىيەت بەرمەي، قاتماللاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

(3) «ئۆلۈك تەرجىمە قىلىش»تىن ساقلىنىش لازىم. بۇ ئەسلى ئەسەرنىڭ پاساھەت، بالاغەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلىماي، پەش ـ چېكىتلىرىگىچە قاتارى تەرجىمە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەسەرنى بۇنداق تەرجىمە قىلغۇچىلار ئەسەردىن نە ئۆزى نە باشقىلارنى زوقلاندۇرالمايدۇ.

كەلسە ـ كەلمەس تەرجىمە لوگىكىنى بۇزىدۇ. سۆزمۇ ـ سۆز تەرجىمە گىرامماتىكىنى بۇزىدۇ. ئۆلۈك تەرجىمە ئىستىلىستىكىنى بۇزىدۇ. دېمەك، بۇ خىل تەرجىمىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ «سالاھىيەتسىز تەرجىمە» دېمەكتىن باشقا چارە يوق.

## 6. تەرجىمە پىرىنسىپلىرى

19 ـ ئەسىر ئوبزورچىلىرى تەرجىمە ئەسەرنى چەتئەللەشتۈرۈش كېرەكمۇ؟ ياكى مىللىيلاشتۇرۇش كېرەكمۇ؟ ئەسلىگە سادىق بولۇش كېرەكمۇ ياكى تىل گۈزەللىكىنى قوغلىشىش كېرەكمۇ؟ سۆزمۇ ـ سۆز تەرجىمە قىلىش كېرەكمۇ ياكى مەنەن تەرجىمە قىلىش كېرەكمۇ؟ شەكلىنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ ياكى مەزمۇننى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ؟ دېگەن تېمىنى چۆرىدەپ نۇرغۇن بەس ـ مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باردى.

ھازىرقى زامان تەرجىمە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ قارىشىچە، تەرجىمە ئەسەرنىڭ ئىپادىلەش نەتىجىلىرىنى پۈتۈنلەي تەرجىمە تىلغا بويسۇندۇرۇۋېتىشمۇ ياكى ئەسلى نۇسخىغا بېقىنلاشتۇرۇۋېتىشمۇ توغرا ئەمەس، چۈنكى تەرجىمە تىلغا مۇتلەق بويسۇندۇرۇلۇپ تەرجىمە قىلىنسا، ئۇقۇملۇق بولغىنى بىلەن ئەسلىگە سادىق بولماي قالىدۇ. پۈتۈنلەي ئەسلى نۇسخىغا تەقلىد قىلىنىپ كەتسە، سادىق بولغىنى بىلەن ئوقۇملۇق بولماي قالىدۇ. ھەققى دەلمۇ ـ دەل بىردەكلىككە يېتىش ئۈچۈن مۇشۇ ئىككى تەرەپكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، مۇمكىنقەدەر ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدىكى خاسلىقلارنى يېقىنلاشتۇرۇپ ئىلمى يوسۇندا تەرجىمە قىلىش كېرەك.

شۇڭا تەرجىمە ساھەسىگە كىرىشمەكچى بولغانلار تەرجىمە قىلماقچى بولغان ئەسلى ئەسەرنىڭ تىلنى ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى ئۆز ئانا تىلىمىزنىمۇ پۇختا ئۆگىنىپ، ئىككى تىلنىڭ گىراماتىكا، لوگىكا ۋە ئىستىلىستىكا تەرەپلەردىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ـ ئارا سېلىشتۇرۇپ، پەرق ۋە خاسلىقلىرىنى تېپىپ چىقىپ، مۇۋاپىق سۆز تاللاپ ئىشلىتىشكە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

تەرجىمە ئەسەرنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى، تەرجىمە تىلدىكى قوراشتۇرۇش ماتېرىياللىرىنىڭ قانداق تاللىنىشى ۋە قانداق ئىشلىتىلىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى سۆزلەرنىڭ توغرا تاللىنىشى ۋە مۇۋاپىق ئىشلىتىلىشى مەزمۇن ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ ئاساسى كاپالىتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى توغرا ۋە لوگىكىلىق، ھېسسىياتنى مول ۋە ساغلام، ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك قىلىش ئۈچۈن سۆز تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. تەرجىمىدە سۆزلەر قانچە توغرا تاللانسا ۋە قانچە مۇۋاپىق ئىشلىتىلسە، ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرگە بېرىدىغان كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە قايىل قىلىش كۈچى شۇنچە زور بولىدۇ.

بىز تۆۋەندە ھەر ساھە تەرجىمە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەرجىمە پىرىنسىپلىرىغا ئالاقىدار ئوخشىمىغان قاراشلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى.

(1) تەرجىمان تەرجىمىدە ئەسلى ئاپتورنىڭ پىكرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش شەرت.

(2) ئۇسلۇبى ئەسلى تېكستكە ئوخشاش چىقىش شەرت.

(3) ئەسلى تېكستكە ئوخشاش راۋان بولۇش شەرت.

(4) ئەگەر سىز قۇرمۇ ـ قۇر تەرجىمە قىلىشقا تۇتۇشقان چېغىڭىزدا، ھېچنەرسىگە پىسەنت قىلمىسىڭىز، ئۇ ھالدا تەرجىمىڭىزنى ئوقۇغان كىتابخانلارنىڭ تەرجىمىڭىزدىن ئۇنىۋمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

(5) تەرجىمىدە قايناق ھېسسىياتقا كەلمەي تۇرۇپلا، ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل بايان قىلىپ قويۇش تەرجىماننىڭ قەلبىنىڭ سوغۇق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا كىتابخانلارغىمۇ قاتتىق بىھۆرمەتلىك قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

(6) بەزى ئاپتورلار ياراتقان ئوبرازلار كىتابخانلارنى يىغلىتىۋېتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ سۆزمۇ ـ سۆز قىلىنغان تەرجىمىسى بولسا، كىتابخانلارنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. سىز كىتابخانلارنى يىغلىتىدىغان يەردە كۈلدۈرمەكچىمۇ؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(7) تەرجىماننىڭ تېكستنى ھەرپمۇ ـ ھەرپ، سۆزمۇ ـ سۆز چۈشىنىش مەجبۇرىيىتى بار، لېكىن ھەرپمۇ ـ ھەرپ، سۆزمۇ ـ سۆز تەرجىمە قىلىش مەجبۇرىيىتى يوق. تەرجىماننىڭ سادىق بولىدىغىنى تېكستنىڭ ھەرپلىرى ئەمەس، بەلكى ھەرپلەردىن تەركىب تاپقان سۆزلەرنىڭ مەزمۇنى.

(8) تەرجىمىنى كىتابخان 75% چۈشەنەلەيدىغان بولسۇنكى، 100% چۈشەنەلمەيدىغان بولۇپ قالمىسۇن.

(9) شەكلى ئوخشاش، مەزمۇنى ئوخشاش، روھى ئوخشاش بولسۇن.

(10) تەرجىمە تېكستنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەپ بېرىشى، تەرجىمىدىكى ئۇسلۇب ۋە پوزىتسىيە تېكستنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئوخشاش بولۇشى، تەرجىمە ئەسلى تېكستكە ئوخشاش راۋان بولۇشى شەرت.

(11) روھى جەھەتتىن ئوخشاش بولۇشقا ئەتىبار بېرىپ، شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش قىلىشقا ئەتىبار قىلماسلىق، مېغىزى ئالدىدا شاكىلىنى، ئىچى ئالدىدا تېشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش كېرەك.

(12) كىتابخان تەرجىمىنى ئوقۇغاندا ئەسلى تېكستنى ئوقۇغاندەك ئىلھام، تەسىرات ئالسۇن ۋە ھوزۇرلانسۇن.

(13) ئەسلى ئەسەردىكى مەزمۇننى ئۆزىننىڭ قېلىپلاشقان ئومۇمىي خەلق تىلى بىلەن تولۇق، توغرا ئىپادىلەپ بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى ساقلاش كېرەك.

(14) مۇمكىن قەدەر سۆزمۇ ـ سۆز تەرجىمە قىلىش، لېكىن زۆرۈر تېپىلغاندا مەنەن تەرجىمە قىلىش كېرەك.

(15) تېكستتىكى بىر سۆز ئىككىنچى تىلدىكى بىر سۆز بىلەن ئوخشاش بولسا، تەرجىمان ئۇنىڭ ئورنىغا مەنىداش سۆز ئىشلەتمەستىن، شۇ سۆزنىڭ ئۆزىنىلا ئىشلىتىش كېرەك.

(16) تېكستكە خاس بولغان ماسلىقنى سۆز ئىبارە تۈزۈلۈشىنى ۋە سۆز تەرتىپىنى شۇ بويىچە كۆچۈرۈپ كېلىش توغرا ئەمەس.

(17) تەرجىمە سۈپىتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ، ئۇنىڭ لەززىتى ئەسلى ئەسەردىكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ ياكى تۆۋەن تۇرىدۇ، تەرجىمىدە مۇمكىنقەدەر بۇ ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرۇش لازىم.

(18) ئەسەرنى ھەققىي تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس، قايتىدىن ئىجاد قىلىش مۇمكىن.

(19) تەرجىمە ھەرگىز ئەسلى ئەسەرنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس. ئۇ ئەسلى ئەسەرنى بوتىغا سېلىپ شۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمانغا بەرگەن تەسىرى بىلەن تاۋلىنغاندىن كېيىن تەرجىمان تەرىپىدىن يارىتىلغان يېڭى ئەسەر. ئۇنى مۇستەقىل بەدىئىي ئەسەر دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

(20) تەرجىمىدە ئىككى تەرەپكە ئوخشاش ئەتىبار بېرىپ، چۈشىنىشلىك قىلىشقا تىرىشىش كېرەك. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ئەسلى ئەسەرنىڭ تۈرقىنى، سىياقىنى ساقلاش كېرەك. لېكىن بۇنداق ساقلاش كۆپ ھاللاردا چۈشىنىشلىك بولۇش بىلەن زىت بولۇپ، يات كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ئۇنى يات كۆرۈنمەيدىغان قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىلا ئۆزگەرتىش كېرەك. ئەمما ئۇنىڭ بۇرنىنى يونۇپ پاناق قىلىپ قويۇشقا، كۆزلىرىنى ئويۇپ كور قىلىپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئاتاقلىق تەرجىمشۇناسلاردىن بىرى مۇنداق دېگەن: «بىر سۆزنى تېپىش ئۈچۈن ئايلاپ ئارىسالدى بولىمەن.»

مەن بۇرۇندىن تەرجىمە ئىجادىيەتتىن ئاسان، ھېچ بولمىغاندا پىكىر قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قاراپتىتىم، ئەمما راستىنلا تەرجىمىگە تۇتۇش قىلغاندا، مۇشكۇل ئۆتكەللەرگە يولۇققىدىغان ئىشلار چىقىدىكەن. مەسىلەن: بىرەر پېئىل ياكى ئىسىمنى تاپالمىغاندا ئىجادىيەتتە تاشلاپ كەتسە ياكى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتسىمۇ بولىۋېرىدۇ، تەرجىمىدە مۇمكىن بولمايدىكەن. خۇددى جىددىي ئېچىش زۆرۈر بولۇپ قالغان ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى مىڭدىن ئىزدىگەنگە ئوخشاش باشلار

گاڭگىراپ، كۆزلەر تورلاشقۇچە ئويلاشقا توغرا كېلىدىكەن.

## 7. تەرجىمانلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر

تەرجىمە نەزەرىيىسى بويىچە ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر تىلدا ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكىرنى ئىككىنچى بىر تىلغا تەرجىمە قىلغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر شەيئىنى ئاددىي ئېنىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش تامامەن مۇمكىن، لېكىن تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە بەزى نەرسىلەرنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىك ئەھۋالى كۆپ ئۇچرايدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا بەزىلەر ئەيىبنى تىلغا ئارتىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئەيىبنى تىلنىڭ نامراتلىقىدىن زارلىنىپ يايماقچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە تەرجىمىدە بىرەر نەرسىنى توغرا، ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىكتىكى ئەيىب ھەرگىزمۇ تىلدا بولمايدۇ. بەلكى تىلنى بىر تەرەپ قىلىدىغان تەرجىماننىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدا ۋە سۆزلەرنى تاللاشتىكى دىتنىڭ يوقلۇقىدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمە خىزمىتىدە تەرجىمانلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇلىدۇ .

قەدىمكى تەرجىمەشۇناسلار تەرجىمانلارغا تۆۋەندىكىدەك سەككىز خىل تەلەپ قويغان.

(1) تەرجىمان سەممىي، ئاقكۆڭۈل، بەرقارار بولۇشى، ئۆز خىزمىتىنى سۆيۈشى، ئەسلى تېكىستنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرگە ياردەم بېرىدىغان ئىرادىلىك بولۇشى، ۋاقتىنىڭ ئۆزىراپ كەتكىنىدىن زېرىكمەيدىغان بولۇشى كېرەك.

(2) قائىدىلەرگە رىئايە قىلىدىغان، پەزىلەتلىك، ئەدەپلىك بولۇشى كېرەك.

(3) تەرجىمان ئۆزى تەرجىمە قىلماقچى بولغان ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، قائىدىلىرىدىن ئوبدان خەۋەردار بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا مەنىنى تولۇق، راۋان ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

(4) ئۆز ۋەتىنىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ تارىخىنى، ۋە ئۆز تىلىنى ئوبدان بىلىشى كېرەك.

(5) كەڭ قورساق، ئوچۇق پىكىرلىك ۋە كېچەشلىك بولۇشى، ئۆزۈمچىل بولماسلىقى كېرەك.

(6) نام-مەنپەئەتكە بېرىلمەسلىكى، شۆھرەت قوغلاشماسلىقى، ئۆزىنى كەسپكە بېغىشلىغان بولۇشى كېرەك.

(7) ئەسەرنىڭ ئەسلى تىلىنى ۋە تەرجىمە قىلىنىدىغان تىلنى پىششىق بىلىشى ۋە تەرجىمە ئىشىنى چۈشىنىدىغان بولۇشى كېرەك.

(8) تىل-ئەدەبىياتتىن خەۋەردار بولۇشى، بولۇپمۇ ئۆز تىلىنىڭ قەدىمكى لۇغەت ۋە گىراماتىكىلىرىنى ئوبدان بىلىشى كېرەك.

بۇ شەرتلەر ھلھەم تەرجىمانلار ئۈچۈن يېتەكچىلىك رولىنى يوقاتقىنى يوق، ئەلۋەتتە.

ھازىرقى زامان تەرجىمەشۇناسلىرى تەرجىمانلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك سالاھىيەتلەرنى ھازىرلىشىنى زۆرۈر دەپ قارىدى:

(1) ئىمكانىيەت بولسا كىتابخانىغا ئوقۇۋاتقىنىنىڭ تەرجىمە ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئوقۇۋاتقىنىم ئەسلى ئەسەر دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرەلىگىدەك دەرىجىدە تەرجىمە قىلىش كېرەك.

(2) تەرجىمان ئەسلى ئورگىنالغا شۆڭغۇپ كىرىپ، ئاپتور بىلەن قەلبداش بولۇشى، ئاپتور بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى زامان-ماكان ئارىلىقى ۋە مەدەنىيەت ، مىللەت پەرقلىرىدىن ھالقىپ ئۆتتۈشى ھەر بىر جۈملىدىكى ھەر بىر سۆزنىڭ زاھىرى مەنىسىنىلا ئەمەس، بەلكى شۇ جۈملىگە يوشۇرۇنغان باتىني مەنىسىنى (تىل كەينىگە يوشۇرۇنغان پسىخولوگىيىلىك ھالەت ۋە خاھىش ئىشارىتى)نىمۇ چۈشىنىشى كېرەك.

(3) تەرجىمان ئەسلى ئارگىنالدىن يۇلقۇنۇپ چىقىشى، شەكىل جەھەتتىن چەكلىنىپ قالماسلىقى، پىكىر-تەپەككۇردا تار رامكىغا كىرىپ قالماسلىقى كېرەك.

(4) تەرجىمان ئەسلى ئورىگىنالنىڭ يىلىكىنى قالدۇرماي سۇغۇرىۋېلىپ، ماھىرلىق بىلەن سۆز تاللاپ تەرجىمىنى پىششىق ئىشلىشى لازىم.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا تەرجىمانلارغا يەنە تۆۋەندىكىدەك شەرتلەرمۇ قويۇلىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(1) ئۆز تىلنى پۇختا بىلىش، كۆپ شەيئىلەردىن خەۋەردار بولۇش، سۆزگە باي بولۇش، گراماتىكا قائىدىلىرى ۋە ئىملا قائىدىلىرىنى، شۇنداقلا تىنىش بەلگىلىرى قائىدىلىرىنى ئوبدان بىلىش.

(2) ئۆزگە تىلنى ئوبدان بىلىشى (بۇ بىلىش تىل ئادىتى ۋە تىل مۇھىتى بىلەن ھېسابلىششنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئىككى تىلنى ئۆز-ئارا سېلىشتۇرۇپ، ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى پەرق ئېتىشى، ئىدىيوم، ماقال-تەمسىل ۋە پرائىزئۇلوگىيە (ھېكمەتلىك سۆز)لەرنىڭ تۈزۈلۈش قۇرۇلمىلىرى، تارىخى يىلتىزلىرى ھەم ئىشلىتىش ئورۇنلىرىنى ئوبدان چۈشىنىشى لازىم.

(3) لوگىكا ئىلمىدىن ياخشى خەۋەردار بولۇشى، نەزەرىيە جەھەتتىن ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەمەلىي جەھەتتىنمۇ ئىزچىل مەشىق قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

(4) تەرجىمە ئەسەر قايسى ساھەگە خاس بولسا، شۇ ساھەنىڭ بىلىم ساۋادىغا ئىگە بولۇشى، كەسپ تىلنى پىششىق بىلىشى كېرەك. ناۋادا تەرجىمە قىلماقچى بولغان ئەسەردىكى مەزمۇنلاردىن ئەتراپلىق خەۋەردار بولمىسا، تەرجىمىگە تۇتۇش قىلىشتىن ئىلگىرى شۇ ساھەدە مۇناسىپ سەۋىيە ھازىرلاش، شۇ ساھەنىڭ زۆرۈر ئاتالغۇلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۆگىنىشى لازىم.

(5) تارىخ بىلىشى كېرەك، ئۆرپ-ئادەت، پسىخولوگىيە، ئىقتىسادى تۇرمۇش ۋە ئۆزگە تىل خەلقلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى كېرەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمان ئەسلى ئەسەر تىلنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، بەلكى تەرجىمە ئەسەر تىلىنىمۇ داۋاملىق ئۆگىنىپ تۇرۇشى ھەمدە ئىككى تىلنى گراماتىكا، لوگىكا ۋە ئىستىلىستىكا جەھەتلەردىن چوڭقۇر سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىقلارنى ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى پەرق ئېتىشكە تىرىششى لازىم.

داۋامى كېيىنكى ساندا...

## ئابدۇقادىر داموللام ئۆگۈتلىرىدىن

- ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى مەيلى ئۇ ياخشى ئەمەلنى ئاز قىلسۇن ياكى كۆپ قىلسۇن، گۈزەل ئەمەلىيىتىگە باغلىق.
- زاماننىڭ ھاتەملىرى سانىلىدىغان ئەرلەر-مۇھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغان، دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە يەتكەن، بىناۋالارنىڭ كۆڭلىنى ئالغان، ھەقىقەتپەرۋەرلەرنى ھىمايە قىلالىغان ئەرلەردۇر.
- ئەگەر ئادەم ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئۆزى ئاشكارىلاپ بولۇپ، ئۇنى «يېپىۋەتتى» دەپ باشقىلارنى ئەيىپلىسە، ئۇ ئەخمەقتۇر. چۈنكى، ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئۆز قەلبى سىغدۇرالمىسا باشقىلارنىڭ قەلبى قانداق سىغدۇرالىسۇن؟!
- گەرچە لاياقەتسىز يەر بولسىمۇ ياخشىلىق تېرىغىن، ياخشىلىق قەيەرگىلا تېرىلسۇن، زايە كەتمەيدۇ.
- كىتاب ئوقۇغان كىشى تەپەككۇرنى ھەمراھ قىلماي، كىتابنىڭ شەرھ-ئىزاھلىرىغىلا ئېسىلىۋالسا، گويا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.
- كىشىلەرنى ھۆرمەت قىل، سەن باشقىلارغا ھۆرمەت قىلساڭلا، ئاندىن باشقىلاردىن ھۆرمەت كۆرەلەيسەن.
- يەسەندىلەرگە ھەرگىزمۇ مېھرىبانلىق كۆرسەتمە، بولمىسا ئۇلارنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قويىسەن. قوياللىق قىل، ئىتائەت قىلىپ باش ئەگكەن ھالدا ئالدىغا كىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، تۆمۈرنى پەقەت ئوتلا يۇمشىتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا پۈتۈن دېڭىز سۈيىنى قۇيساڭمۇ يۇمشىمايدۇ.




ئابدۇللا روزى داموللام 1925 - يىلى خوتەن ناھىيە يېڭىئاۋات يېزىسىنىڭ ئازنە مەسچىت مەھەللىسىدە دىنى ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى روزى ئاخۇنۇم، روزى ئاخۇنۇمنىڭ دادىسى مۇھەممەد ئەلي ئاخۇنۇم، مۇھەممەد ئەلي ئاخونۇمنىڭ دادىسى ھەمدۇللا موللام، ھەمدۇللا موللامنىڭ دادىسى توختى موللام، توختى موللامنىڭ دادىسى مۇھەممەد موللام قاتارلىقلار دىنى ئائىلىلەر ئىدى.

## ئىلىم سەپىرى ۋە ئۇستازلىرى:

ئابدۇللا روزى داموللامنىڭ ئانىسى مەرھۇمە ئەمبەرخان 1931 - يىلى ئۇنى مەھەللىدىكى بىر دىنى مەكتەپكە ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەرگەن. ئۇ، بۇ مەكتەپتە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە دەسلەپكى دىنى ساۋاتلانى ئالغاندىن كىيىن قاراقاش چاقادىكى مەھمۇد قاراخۇنۇم ۋە باقاخۇنۇملاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1937 - يىلى 12 يېشىدا ئۇستازى مەھمۇد قاراخۇنۇمدا قۇرئاننى يادلاپ بولغان. قۇرئاننى يادلاپ بولغاندىن كىيىن 1944 - يىلغىچە قاراقاشتا بىر تەرەپتىن خەلپەت بولۇپ قۇرئان ئۆگەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇستازى مەھمۇد قارى ئاخۇنۇم، باقى ئاخۇنۇم ۋە ئالىم داموللام قاتارلىق ئۆلىمالاردا ئەرەب تىلى ۋە فىقھىگە ئالاقىدار كىتابلاردىن دەرس ئالغان. 1944 - يىلى ئىلىمگە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى تۈپەيلىدىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ، خانلىق مەدرىسىدە شۇ زاماننىڭ كاتتا ئالىملىرىدىن ھاشىم ئاخۇن داموللام، ئىمىن مەۋلىۋى، ئابدۇللا داموللام، ھامىد داموللام، سۇلايمان داموللام، ئابدۇرەشىد مەۋلىۋى، ئەخمەدخان داموللام، مۇھەممەدخان مەخدۇم، ئابدۇلباقى داموللام، ئابدۇقادىر سەئىدى داموللام قاتارلىقلاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان.

ئەينى يىللاردا ئەلىخان تۆرەم باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاپ غەلىبە قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبى رايونلىرىغىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىپ، ئىنقىلاب رەھبەرلىرى گومىنداڭ بىلەن 11 ماددىلىق كېلىشىم تۈزۈشكەندىن كېيىن، مۇھەممەدئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا ئالىپتېكىنلەر ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە ۋە مىللىي، دىنىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ ئاۋاز قاتناشتۇرغان.

1954 - يىلى قەشقەردىن خوتەنگە قايتىپ كېلىپ بىر مەزگىل ئەھمەد شاڭزۇڭ نامىدىكى مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان. شۇ يىللىرىمۇ ۋەتىنىمىزدە دىنغا قارشى باستۇرۇش سىياستى يۈرگۈزۈلگەن بولغاچقا، بۇ مەدرىسىدىكى مۇدەررىسلىك خىزمىتى ئۇزاق داۋام قىلمىغاي توختاپ قالغاندىن كېيىن بېيجىڭدا قۇرۇلغان ئىسلام ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن ۋە ئۆزى تىل ئۆگىنىش بىلەن بىرگە باشقا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي دەرس بەرگەن.

## تۆرمە ھاياتى:

1958 - يىلى بېيجىڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىزمەت قىلىۋاتقان ئابدۇللا روزى داموللام ئۇيغۇر ئېلىدە ئېلىپ بېرىلغان «مىللى بۆلگۈنچىلىك»كە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ «پانئىسلامىزمچى»، «پانتۈركىست»، «ئازاتلىق»تىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئىزچىل «ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر» بىلەن شۇغۇللانغان ۋە 1946-يىلى قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە مۇھەممەدئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا ئالىپتېكىنلار باشچىلىقىدىكى تەشكىلاتقا قاتناشقان دېگەن قالپاقلار بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ خوتەنگە قايتۇرۇپ كېلىنگەن ۋە يالغۇز كىشىلىك كامىرغا سولاپ قويۇپ، ھېچقانداق ئادەم بىلەن كۆرۈشتۈرۈلمىگەن. داموللامنى خوتەنگە قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپرەك مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن باشقا موللىلار ئارقىلىق گەپ ئېلىشقا تىرىشقان. بىر قىسىم خائىنلار ئابدۇللا روزى داموللامنىڭ 1946-يىلى قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇش جەريانىدا مۇھەممەدئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا ئالىپتېكىنلار باشچىلىقىدىكى تەشكىلاتقا قاتناشقانلىقىنى پاش قىلىپ قويغان ۋە شۇ سەۋەپتىن ئون يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ۋە 3 يىللىق سىياسى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان. بۇ مەزگىللەر يۇرت-يۇرتلاردا ھەققەتپەرۋەر ئۆلىمالارغا قارشى «قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى» ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەزگىل بولۇپ، پۈتۈن ئالىملارنى خوتەن گۈلباغدىكى «مەدەنىيەت سارىيى»ئالدىغا يىغىپ «پىپەن قىلىش ھەرىكىتى» ئېلىپ بارغان. بۇ ھەرىكەت جەريانىدا مەشھۇر ئۆلىمالاردىن ھوشۇر نىياز مۇپتى ئاخۇنۇم، ئابدۇنەبى قارىھاجىم، روزى مۇھەممەد داموللام ۋە ناسىر داموللام قاتارلىق نەچچە ئونلىغان كىشىلەر تۈرمىگە تاشلانغان.

1965-يىلى تۈرمە ئىسكىلاتىغا ئوت كەتكەندە «بۇ ۋەقەنى سىياسىي جىنايەتچىلەر سادىر قىلدى» دېگەن تۆھمەت بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى قايتا قولغا ئېلىپ، پۇتلىرىغا ئېغىر ئىشكەل سېلىپ، يېمەك-ئىچمەك جەھەتتە ئېغىر قىيىنغان ۋە ھېچكىم بىلەن كۆرۈشتۈرمىگەن. ئابدۇللا روزى داموللام قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مەھبۇسلارنىڭ ئەسلىدىكى مۇددىتىنى كۆپەيتكەن. نۇرغۇن كىشىلەر دەھشەتلىك تۈرمە ئازابىدا ئۆلۈپ كەتكەن. چىدىغۇسىز ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئابدۇللا روزى داموللام 1973-يىلى 12-ئايدا كېپىللىككە قويۇپ بېرىلگەن.

## تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنكى خىزمەت ھاياتى ۋە قايتا تۇتقۇن قىلىنىشى:

1974-يىلىنىڭ باشلىرىدا داموللامنىڭ كونا-يېڭى دوستلىرى، داموللامنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىشقا باشلىدى. ئېغىر باستۇرۇشلار تۈپەيلى توختاپ قالغان دىنى سورۇن، تەبلىغ، ۋەز نەسىھەت مەقسەت قىلىنغان چاي زىياپەتلىرى قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىدى. بۇ سورۇنلار مەرھۇم داموللام باشچىلىقىدا ئابدۇلئەھەد مەخدۇم، مۇھەممەد قۇربان داموللام، ئابدۇلئەزىز قارىھاجىم ۋە شەمسىدىن قارىھاجىملارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇكېرىم داموللا ۋە ئابدىمىلىك مەخسۇم باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەر يەنە كونا ئادىتى بويىچە ھۆكۈمەتكە خەۋەر يەتكۈزۈپ «يېڭىدىن تۈرمىدىن كەلگەن ئابدۇللا روزى باشچىلىقىدىكى پالان-پالانلار مەخپى تەشكىلات قۇرۇپتۇ، دەرھال تۇتقۇن قىلىنمىسا ئەھۋال خەتەرلىك، ئەگەر گېپىمىز راس بولماي قالسا بىز جاۋابكار» دەپ ئەھۋال مەلۇم قىلدى. ئابدۇللا روزى داموللام تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن شەھەرلىك بىناكارلىق ئەترىتىگە ئىشقا ئورۇنلاشقان ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇتەئەسسىپلەرنىڭ چېقىشتۇرۇشى سەۋەبىدىن داموللامنىڭ ئۆيىگە قوراللىق ئەسكەرلەر باستۇرۇپ كىرىپ، ئۆيىنى ئاختۇرغان ۋە باشقا ھېچ نەرسە تاپالماي كىشلەر داموللامنى ۋە باشقىلار ئۇنىڭغا ئامانەت قويغان مال-مۈلۈكلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. داموللامنى تۇتقۇن قىلغاندىن كېيىن قولىنى ئارقىسىغا باغلاپ گۈلباغدىكى مەدەنىيەت سارىيىغا ئېلىپ بارغان ۋە شۇ كۈنى كەچتە شۇ يەرگە توپلىغان ئابدۇللا روزى داموللام، ئابدۇۋېلى ھاجىم، ئابلىز قاراجىم

ۋە شەمسىددىن قارىھاجىم قاتارلىق بارلىق تۇتقۇنلارنى تۈرمىگە ئېلىپ كەتكەن.

## ھاياتىنىڭ ئاخىرقى 30 يىلدىكى خىزمەت باسقۇچى:

مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇللا روزى داموللام 1978-يىلدىن باشلاپ مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم، ئابدۇلئەھەد مەخدۇم، مۇھەممەد ئەلي ئاخۇن خەلپىتىم قاتارلىق سەپداشلىرى بىلەن تۇرلۇك شارائىت ۋە ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ ياشلارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە جەمئىيەتتە بىر تۈركۈم دىندار ياشلار يېتىشىپ چىققان ۋە شۇلارنىڭ تۇرتكىسىدە ئامما ئىچىدىمۇ دىنىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتى ۋە روھىنى توغرا چۈشىنىش كەيپىياتى بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭغا چىدىمىغان بىر قىسىم جانباقتى موللار تەتۈر تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ ھەقىقى دىندار، ۋەتەنپەرۋەر ۋە زۇلۇمغا قارشى ئالىملارغا دۇشمەنلىك قىلىشقا باشلىغان. نەتىجىدە جەمئىيەتتە ھەقىقى دىنسۆيەر، ۋەتەنسۆيەر ئۆلىمالار ۋە ھۆكۈمەتپەرەس موللاردىن ئىبارەت ئىككى خىل تەبىقە شەكىللەنگەن. كېيىن ئاپتونۇم رايۇنلۇق ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقات ئىدارىسى تەرىپىدىن بىر قىسىم قەدىمى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدۇرۇش خىزمىتى ئۈچۈن خوتەنگە كەلگەن مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «كىتابۇتتەنسەرروۇف لىمەزھەبى ئەھلى تەسەۋۋۇپ»، «ئىھيائۇ ئۇلۇمۇددىن»، «مەكتۇبات ئىمام رەببانىي» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ چىققان.

مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇللا روزى داموللام 1984-ئايالى بىلەن بىرگە ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەن ۋە مەككە، مەدىنە، جىددە شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر مۇھاجىرلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇشەررەپ بولغان. بولۇپمۇ ئابدۇجاپپار ھاجىم سائىتى، قاسىم ھاجىم، ئەخمەتتوختى ھاجىم ئۇچات، ئۇستاز رەھمەتۇللاھ ئەپەندى قاتارلىق مۇھاجىرلارنىڭ ئالاھىدە ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام كۆرستىشى داموللامنىڭ ئۇزاق يىللىق ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە قىسمەن بولسىمۇ مەلھەم بولغان.

ئۇستاز ئابدۇللا روزى داموللام ھەج سەپىرىدىن قايتىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇدىرى، كونا قەدىناسى، مۇتەرجىمۇل قۇرئان ئۇستاز مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ تەكلىپى بىلەن 1988-يىلدىن 1991-يىلىغىچە ئۆرۈمچىدىكى ئىسلام ئىنستىتۇتىدا مۇدەررىسلىك قىلغان. 1996-يىلى ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن قايتا سەئۇدي ئەرەبىستانىغا كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ۋە 1997-يىلى چوڭ ئوغلى ئابدۇللىتىپ قارى ھاجىمنى مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتقان. بىر يىلدىن كېيىن يەنە قايتا ھەرەمگە كەلگەن ۋە مەككىدە تۇرۇش جەريانىدا ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىيىنىڭ «مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتى» ناملىق رىسالىسىنى تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئۇستاز مەككىدە تۇرغان مەزگىللەردە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىملار قاتارىدا ئۇيغۇر ئالىملارغا ۋاكالىتەن كەئبە شەرىپنى يۇيۇش ۋە كەئبىنىڭ ئىچىدە ناماز ئوقۇش شەرىپىگە مۇشەررەپ بولغان. پۈتۈن ئۆمرىنى دىن، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن بېغىشلىغان، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ھەق ئۈستىدە تەۋرەنمەي مۇستەھكەم تۇرۇپ داۋاملىق ھەق ۋە ئادالەتنىڭ بايراقدارى بولۇپ ياشىغان گىگانت ئۇستاز ئابدۇللا روزى داموللا ھاجىم 1999-يىلى ۋەتەنگە قايتىپ دوختۇرخانىدا داۋالانغاچ ئۆيدە ئارام ئالغان. 2003-يىلى 11-ئاينىڭ 26-كۈنى مىڭىسىگە قان چۈشۈش سەۋەبىدىن 78 يېشىدا دوختۇرخانىدا ۋاپات بولغان. ئاللاھ ئۇستازغا جەننەتتىن ئالي ماقام ئاتا قىلسۇن. (ئامىن)[1]

[1] ئەسكەرتىش! بۇ تەرجىمھال ئابدۇللا روزى داموللا ھاجىم 1997-يىلى مەككە مۇكەررەمەدە ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان، سىراجىدىن ئەزىزىنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىغا ئاساسەن تەييارلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ھەزرىتى خەدىچە زامانىمىز ئاياللىرىغا نېمە دەيدۇ...

مۇيەسسەر ئابدۇلئەھەد خەندان

ئاياللار ئىززىتى ۋە قىممىتى ھۆسن ـ جامالى، مودا كىيىملىرى ۋە ياكى شان ـ شۆھرەتلىرى بىلەن ئۆلچىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مەنىۋىيىتىمىزدە بىر نەرسىلەرنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىمىز، سېزىمىز، بەلكى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. بىز بۇ خۇسۇستا دۇنيادىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھېسابلانغان ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزنىڭ گۈزەل ھاياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، شۇنى بايقايمىزكى، ئۇ ھازىر ئۆلچەم بولۇۋاتقان تۈرلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا سېلىشتۇرۇلغان ئەمەس. بەلكى باشقىچە بىر ئاجايىپ شەرەپنىڭ ئىگىسى بولغانلىقى بىلەن ھۆرمەتلەنگەندۇر. ئاياللار دۇنياسىدا نېمە كەم؟ ئاياللىرىمىزنىڭ كۆزىدىن نېمىشقا ياش قۇرۇمايدۇ؟ بۇ مەسىلىلەر مېنى ھەزرىتى خەدىچە بىلەن بۈگۈنكى دۇنيا ئاياللىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە ئۈندىدى.

ھەزرىتى خەدىچە تۇنجى مۇسۇلمان بولغان ئايال بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىماندا ھۆرمەتلىكتۇر. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە شەكسىز ئىشىنىش ئاشۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆسۈپ ـ يېتىلىپ، ئوتتۇرا ياشقا قەدەم قويغان ئايال ئۈچۈن ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىشەنگەنلا ئەمەس بەلكى ئەمەل قىلغان ئىدى. ئۆزىمىز ۋە ئەتراپىمىزدىن ئىزدەيدىغان بولساق، بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، ئىسلامى تەربىيەدە چوڭ بولغان ھازىرقى زامان ئاياللىرىدا ئىماننىڭ ئەمەلدىن ئايرىلغان ھالدا نوقۇل شۇئارغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ھەزرىتى خەدىچە بىزگە «ئەي ئايال، ئىچىڭ بىلەن تېشىڭ بىردەك بولسۇن» دەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ھىرا غارىدا ۋەھيى نازىل بولۇپ، جىبرىئىل كۆرۈنگەندىن كېيىن، قورققانلىقىنى ھەزرىتى خەدىچەگە بىلدۈرگەندە، خەدىچە ئانىمىز ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىنى ئىپادىلەپ، يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالىدىغان سۆزلەرنى قىلغان:

ـ ئۇنداق ئەمەس، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ سىنى ھەرگىز رەسۋا قىلمايدۇ، چۈنكى سەن خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىسەن، ئاجىز بىچارىلەرنىڭ بېشىنى سىلايسەن، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتىسەن، مەزلۇملارنىڭ ھالىغا يېتىسەن، ئاللاھ ساڭا شەيتاننى ۋە بولمىغۇر خىياللارنى ئاپىرىدە قىلمايدۇ. شۈبھىسىزكى خەلقىڭنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ سېنى تاللاپتۇ.

ھەزرىتى خەدىچە ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا شەكسىز ئىشىنىشتىن سىرت، ئۆمۈر يولدىشىنىڭ گۈزەل تەرەپلىرىنى تولۇق كۆرەلىگەن. ھالبۇكى، ئىمان ئۈچۈن تالاي ئىسپاتلار كۆز ئالدىمىزدا تۇرسىمۇ تولۇق ئىشەنچىنى بېرەلمىگەن ئاياللىرىمىز ئاز ئەمەس؛ تەقۋادار ئەرلىرىگىمۇ ئىشەنچ بىلەن قارىيالمايدىغان، گۇمان بىلەن ئائىلە ئىناقلىقىنى

بۇزىدىغان ئاياللىرىمىز ئاز ئەمەس؛ ئەرلىرىدىكى ئېسىل ئەخلاقنى كۆرەلمەيدىغان ئاياللىرىمىز ئاز ئەمەس. ھەزرىتى خەدىچە بىزگە ئاللاھقا بولغان ئىمانىنىڭ دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ، «ئەي ئايال، ئىشەنچىڭ ئېرىڭدە بولسۇن» دەيدۇ.

ھەزرىتى خەدىچە لايىق تاللاشتا بايلىقنى، مەنسەپنى ئەمەس، گۈزەل ئەخلاقنى، ئاخىرەت ئاۋاتلىقىنى تاللىغان ئىدى. كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان تويلۇقلار، ئاتا-ئانا ۋە قىزلارنىڭ يىگىت ۋۇجۇدىدىكى ھەقىقىي تەقۋالىقنى ئەمەس، دۇنيا ھەۋەسلىرىنى تاللىشى ئەسلىدە مۇسۇلمان ئائىلىسىگە، مۇسلىمە قىزلارغا لايىق ئىشلار ئەمەس ئىدى. ئانىمىز ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىشلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىدىغان، ئەقىللىق ئايال بولۇپ بارلىق مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىزغا تولىمۇ باب كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىگە ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئىشەنچلىك، راستچىل، ئالىي پەزىلەتلىك، ئېسىل ئەخلاقلىق، گۇناھلاردىن يىراق بولغان جانابى رەسۇلۇللاھنى تاللىدى. ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئىشى بىلەن بارلىق مۇسۇلمان قىز – چوكانلارغا، ئۆزىگە قانداق ياخشى جۈرە تاللاشنى، جۈرە تاللاشتا دىن ۋە ئەخلاقنى بىرىنچى ئۆلچەم قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۆگىتىدۇ. خۇددى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە دېگەندەك: «ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئەرلەر ياخشى ئايال‌لارغا لايىقتۇر.» ھەزرىتى خەدىچە بىزگە «ئەي ئايال، قەلبىڭدىكى دۇنيا مۇھەببىتى ئاللاھ مۇھەببىتىدىن ئېشىپ كەتمىسۇن» دەيدۇ.

ھەزرىتى خەدىچە دادىل ئىدى، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن، دوستىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. دوستىمۇ بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھنىڭ پىكرىنى ناھايىتى گۈزەل بىر رەۋىشتە سورىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇسلىمە ئايال ھەرگىزمۇ باشقا قەۋملەر قىياس قىلغاندەك ئۆز پىكىر ئەركىنلىكى، نىكاھ ئەركىنلىكى بولمىغان، ئائىلە زوراۋانلىقىغا مەھكۇم بولغان ئايال بولماستىن، بەلكى نىكاھ ئىشىنى ئۆزى تاللىيالايدىغانلا ئەمەس، قارشى تەرەپكىمۇ ئېغىز ئېچىپ ئۆز قارىشىنى كۆرسىتەلەيدىغان ئايالدۇر. ھەزرىتى خەدىچە بىزگە «ئەي ئايال، جۈرئەتلىك بولغىن» دەيدۇ.

ھەزرىتى خەدىچە پەيغەمبىرىمىزدىن چوڭ، پەيغەمبىرىمىزدىن باي بولسىمۇ كىبىرسىز ئىدى. پۇل-ھەممىگە قادىر دېگەن ئىدىيە ھۆكۈم سۈرگەن ھازىرقى دەۋرىمىزدە، ئۆزىدىكى ئازغىنە ئارتۇقچىلىق سەۋەبلىك ئەرلىرىنى پەس كۆرۈش ئايال‌لارنى دوزاخ ئەھلىگە ئايلاندۇرىدىغان سەۋەبلەردىن بولسىمۇ، شەيتان بىزگە چىرايلىق كۆرسىتىۋاتقان ماددىي نەرسىلەر ئاياللىرىمىزنى ھەدەپ ئازدۇرماقتا. ھەزرىتى خەدىچە بىزگە «ئەي ئايال، ئېرىڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغىن» دەيدۇ.

ھەزرىتى خەدىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى ياردەمچىسى ۋە مەدەتكارى ئىدى، قۇرەيش مۇشرىكلىرى رەسۇلۇللاھنى يالغانچىغا چىقىرىپ دىلىغا ئازار بەرگەندە، ھەزرىتى خەدىچە رەسۇلۇللاھقا تەسەللىي بېرەتتى. ئائىلىسىنى بېقىش ئۈچۈن سىرتتا جاپالىق ئىشلەپ كەلگەن ئېرىنى تۈگىمەس سوئال-سوراق، جېدەللەر بىلەن كۈتۈۋېلىۋاتقان ئايال‌لارنى ئەسلەيدىغان بولساق، ھازىرقى ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇش سەۋەبلىرى، ئائىلىلەردىكى ئىناقسىزلىق تۈپەيلى كېلىپ چىققان پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە يەنە شۇنداق ئائىلىدە چوڭ بولغان قىزلارنىڭ كېيىنمۇ ئوخشاش ئائىلە قۇرۇش مۇمكىنچىلىكىنى ھېس قىلالايمىز. شۇڭا ھەزرىتى خەدىچە بىزگە «ئەي ئايال، ئېرىڭگە مېھرىبان بولغىن» دەيدۇ.

ھەزرىتى خەدىچە سېخىي بولۇپ، ھەتتا پۈتۈن مال-مۈلكىنى ئىسلامنى تارقىتىش يولىدا سەرپ قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «بىر تال خورما بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار» دەپ سەدىقىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى. ئېقتىساد مۇھىم تېمىغا ئايلانغان بۈگۈنكى كۈنىمىزدە ئايال‌لارنىڭ كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەتكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىشى، ئەتراپتىكى مىسكىن-غېرىبلارنى ئۇنتۇشى ئومۇمىي ئەھۋالغا ئايلاندى. ھەزرىتى خەدىچە بۇ ھەقتە بىزگە «ئەي ئايال، ئاللاھ بەرگەن مال-مۈلكنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىن» دەيدۇ.

uygurkitap.com

ھەزرىتى خەدىچە خۇش مۇئامىلىلىك ئىدى.

ئانىمىز ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇھەببەتلىك ئايال بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ خاتىرجەم ۋە كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن بار ئىمكانى بىلەن تىرىشاتتى. رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولۇشنىڭ ئالدىدا كۆرگەن بەزى ئالامەتلەردىن كۆڭلى بىئارام بولغاندا، ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇپ، ئۆتكۈر پىكىرلىك، يېقشلىق سۆزلىرى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزاتتى. ئەپسۇس، ھازىرقى كۈندە ئاياللىرىنى ھەر تەرەپتىن رازى قىلىپ بولالمايۋاتقان، كىچىككىنە كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا ئاياللىرىدىن توختىماي تاپا ـ تەنە، مالامەت ئاڭلايدىغان، ئائىلىسىدە ئورتاق مېھر ـ مۇھەببەتنى، قوللاشنى، ھېسداشلىقنى تاپالماي روھىي سۇلغۇنلىشىۋاتقان، چۈشكۈنلىشىۋاتقان ئەرلەر كۆرىمىز. ئەقىللىق ئەجدادىمىز بۇ ھەقتە «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دەپ ناھايىتى ئېسىل بىر ھېكمەتنى يەكۈنلىگەنىكەن. ئەلۋەتتە بىر ئەرنىڭ ئەجەللىك مەغلۇبىيىتى ئەڭ ئاۋۋال ئائىلىسىدىن باشلىنىدۇ. بىر ئادەمنى جەمئىيەت قىستىسا، ئۆيگە كىرىۋېلىشى، باشقىلارغا كۆرۈنمەي مەلۇم مەزگىل ئۆيگە بېكىنىۋالىشى مۇمكىن. ئەمما ئائىلىسى قىستىسىچۇ؟! بىر ئۆمۈرلۈك ھالال جۈپتى تەرىپىدىن ئىززىتى، غورۇرى دەپسەندە قىلىنسىچۇ؟! توختىماي تاپا ـ مالامەت، دوق، تەنىلەرگە ئۇچرىسىچۇ؟! بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا ھەزرىتى خەدىچە ئاياللارغا مۇنداق نىدا قىلىدۇ: «ئەي ئايال، تەبەسسۇم ئارقىلىق ئېرىڭنىڭ كۆڭلىنى ئال.»

جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىدا ئۆزىنى ناھايىتى خۇشال ۋە بەختلىك ھېس قىلاتتى، ھەممە ئىشلىرى ھەزرىتى خەدىچەدىن سىر ئەمەس ئىدى. رەسۇلۇللاھ پەيغەمبەر بولۇشنىڭ ئالدىدا ئادەم خالىمايدىغان، يالغۇز يۈرىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئادەملەردىن يىراق «ھىرا» غارىغا بېرىپ ئىبادەت قىلاتتى. ئۆيگە نەچچە كۈنلەپ كەلمەيتتى. ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پېشىنىڭ چۈشكىنىپ قالغىنىغا قارىماي شۇ ئېگىز تاغقا رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ئوزۇق ـ تۈلۈك ئېلىپ چىقاتتى. رەسۇلۇللاھ يىمەكلىك ئېلىش ئۈچۈن ئۆيگە كەلگەندە، غاردا يالغۇز قالغاندىكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى، كۆرگەن ـ ئاڭلىغان ئاجايىباتلارنى ھەزرىتى خەدىچىگە سۆزلەپ بېرەتتى. ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ھېسسىياتىغا ئورتاقلىشاتتى، رەسۇلۇللاھنى خۇشال قىلىشقا تىرىشاتتى. ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆيدىن يىراقلاپ كەتكىنىگە بىرەر قېتىم بولسىمۇ سۆز ياكى ھەرىكىتى بىلەن نارازى بولۇپ باققان ئەمەس. بەلكى رەسۇلۇللاھنى ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ ياردەم قىلاتتى. ھازىرقى مۇسۇلمان ئاياللارمۇ ئەرلىرىگە ھەمدەم بولسا، ئۇشۇقچە جېدەل بىلەن خاپىلىق پەيدا قىلمىسا، ئوچۇق چىراي ۋە خۇش مۇئامىلە بىلەن ئېرىنىڭ كەسپىنى قوللىسا، ئەستايىدىل ئاڭلىغۇچى ۋە مەسلىھەتچى سۈپىتىدە ئېرىگە ياخشى پىكىرلەرنى بەرسە، ئائىلىدە كۆڭۈلسىزلىك بولمايدۇ، مۇھەببەت ئۇلى مۇستەھكەم ۋە مەڭگۈلۈك بولىدۇ. شۇڭا ھەزرىتى خەدىچە مۇسۇلمان ئاياللارغا: «ئەي ئايال، ئېرىڭنىڭ دوستى ۋە ھەمشىرىسى بولغىن» دەيدۇ.

ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز رەسۇلۇللاھنى ناھايىتىمۇ بەك ياخشى كۆرگەنلىكتىن، رەسۇلۇللاھ ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنى ياخشى كۆرەتتى. بىر كۈنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئىنىكئانىسى ھەزرىتى ھەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ كەلگىنىگە ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ھەلىمىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلا-ئاڭلىماس ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىپ، رىداسىنى ئۇنىڭ ئاستىغا كۆرپە قىلىپ سېلىپ بەردى. ئاندىن ئۇنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى سورىدى. ھەزرىتى ھەلىمە يېزىدا قۇرغاقلىق بولغانلىقىنى ئېيتتى. ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ بىچارە ئانىغا چەكسىز ئىززەت ـ ئىكرام قىلىپ، قىرىق تۇياق قوي، بىر تۇياق سۇ توشۇيدىغان تۆگە، ئۆيدە لازىم بولىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلدى. ھالبۇكى، ھازىر شۇنداق ئاياللىرىمىز باركى، ئېرىنىڭ ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ ھۆرمەت قىلمايدۇ، ئېرىنىڭ ئۇرۇق ـ

تۇغقانلىرىغا قوپال مۇئامىلىدە بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئائىلە ئىناقلىقى بۇزۇلىدۇ. ھەزرىتى خەدىچە بۇ ھەقتە يەنە بىزگە «ئەي ئايال، ئېرىڭنىڭ تۇغقانلىرىنى ئېرىڭنى كۆرگەن كۆزدە كۆرگىن» دەيدۇ.

ھەزرىتى خەدىچە ئۆزىنىڭ ئاشۇ گۈزەل پەزىلەتلىرى بىلەن رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن ئۇنتۇلماس بىر سىما ئىدى. ھەزرىتى خەدىچە ۋاپاتىدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇنى كۆپ ئەسلىدى، ئۇنى «دۇنيادىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىدى» دەپ تەرىپلىدى. ھەقىقەتەنمۇ ھەزرىتى خەدىچە شۇ تەرىپلەشلەرگە لايىق ئىدى.

ھەزرىتى خەدىچەنى ئۈلگە قىلغان ئايالنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئىمان ۋە ئەخلاق ئىگىسىنى تاللاشتىن باشلانسا، تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ئىشلارغا بولغان توغرا مۇئامىلە، ياخشى خۇلقلار مۇسلىمە ئاياللارنى ھەزرىتى خەدىچە مەرتىۋىسىگە قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاشتۇرىدۇ. دوزاختا ئاياللارنىڭ كۆپ بولىدىغىنىنى، ئاياللارنىڭ دوزاختىكى ئەھۋالىنى ئويلايدىغان بولساق، ئاللاھنىڭ ئاياللارغا بەرگەن مەرتىۋە ۋە ھۆرمەتلىرىگە ناشۈكۈرلۈك قىلىشتىن شۈركىنىمىز. مەيلى دۇنيا سەھنىلىرىدە كىملەر چولپان بولغان، كىملەر چاقنىغان، ئۈلگە قىلىنغان ياكى ئابىدە تىكلەپ بېرىلگەن بولسۇن، مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ مۇھەببىتى قەلبىدە يالقۇنجىغان ھەرقانداق ئايال ئۇ سەھنىلەرگە ھەۋەس قىلىپ بويۇنداق قاراپ يۈرمەيدۇ. چۈنكى مۇسلىمە ئاياللارنىڭ نەمۇنىسى ئاللىقاچان تۇرغۇزۇلغان، ھەزرىتى مەريەم، ھەزرىتى ئاسىيە، ھەزرىتى خەدىچە، ھەزرىتى فاتىمە ۋە بارلىق مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بىزگە ئۈلگە بولۇشقا كۇپايە. بۇلارنى قەلب خانىمىزدىكى يېگانە سىمالارغا، مەڭگۈلۈك ئابىدىلەرگە ئايلاندۇرالايدىغانلا بولساق، ھاياتلىق كېمىمىزنى شۇلار تەرەپكە بۇراپ پالاق ئۇرىدىغانلا بولساق، شۇلار ئېرىشكەن كاتتا ماقاملارغا، مەرھەمەتلەرگە ئېرىشىشىمىزنىڭ ئۈمىدى زور...

ئاللاھ بارلىق مۇسلىمە، مۇئمىنە قېرىنداشلىرىمىزنى مەزكۇر نەمۇنىلىك ئانىلىرىمىزنىڭ ئىزىدىن بويلاپ ماڭغىلى نېسىپ قىلسۇن. (ئامىن)

## ئاياللار توغرىسىدا سەھىھ ھەدىسلەر

- ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «دۇنيا ۋاقىتلىق نېئمەتتۇر، دۇنيانىڭ ئەڭ ئەۋزەل نېئمىتى سالىھ ئايالدۇر». (مۇسلىم: 1467)
- ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە يېتىم بىلەن ئايال كىشىدىن ئىبارەت ئىككى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ھەققىنى، ئېغىر گۇناھ دەپ ھېساپلايمەن (يەنى ھارام دەپ قارايمەن، ئايەتتە ھارام دېيىلگەن)». ھاكىم، بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.
- ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەھلى جەننەتتىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچە. پاتىمە بىنتى مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم). ئىمراننىڭ قىزى مەريەم. فىرئەۋننىڭ ئايالى (مەزاھىمنىڭ قىزى) ئاسىيەدۇر.» ئەھمەد، تەبەرانى، ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
- ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى بەش ناماز ئوقۇسا، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتسا، ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلىسا، ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، قىيامەتتە ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ قايسى ئىشىكىدىن كىرىشنى خالىساڭ كىرگىن دېيىلىدۇ.» ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




1

ۋاقىت ئۇ، گوياكى بىر ئۆتكۈر قىلىچ،
كېسىدۇ كەسمىسەڭ، ئايىمايدۇ ھېچ.
بۇ ھايات بىر جەڭگاھ ۋاقىت رەقىبىڭ،
جەڭگە چۈش ئۇنداقتا، تۇرما تېپتىنچ.

2

جاپانى كۆرۈپلا يولدىن تەزسە،
ۋارقىراپ «دات» دېسە قىسمەتلەر ئەزسە.
ئەر ئەمەس مۇشكۈلدىن قېچىپ ياشىغان،
ئەر ئەمەس، يەپ، ئىچىپ، جاھانلا كەزسە.

3

ھاياتتا كۆتۈرمەي دېسەڭ يامان ئات،
بايقىغىن ئىللەتنى، چۆرۈپ يىراق ئات.
ئىللەتنىڭ شىپاسى بىلمەك ئىرۇر،
بىلمىنىڭ كەينىدىن قوغلا، چاپتۇر ئات.

4

ئىشكتىن چىقسا كىم ئىلىم قەستىدە،
گەرچە ئۇ ماڭسىمۇ كوچا ـ رەستىدە.
مالائىك قانىتى ئاڭا پاياندار،
بىر قۇۋۋەت ئۆركەشلەر قامەت ـ بەستىدە.

5

ئىشكتىن، تۇڭلۇكتىن ئاقسا ساڭا نەپ،
گۆزەللەر ئالدىڭدا تۇرسا تۈزۈپ سەپ.
بىلگىنكى، بۇ ساڭا بەلكىم سىگنال،
ھەزەر قىل، كەتمىسۇن غەپلەت سېنى يەپ.

6

ھاياتنىڭ گۈللىرى تۈزسا، سولسا،
ئىچىڭگە ئەلەملەر لىپمۇ ـ لىق تولسا،
ھەممىسى يۈز ئۆرۈپ قاچىدۇ شۇ چاغ،
ۋە لېكىن ئەسقاتار بىلىمىڭ بولسا.

7

ئادەمنى قېرىتىپ، قالار ئارمان ياش،
ئارمانكى، شاھ بولۇپ ئەسىرلەر ياشاش.
ياشىساڭ بىر سائەت قىممىتى بىلەن،
بولالماس ئۇنىڭغا بىر ئەسىر تەڭداش.

8

بىر «جانان» يوقلايدۇ يازماستىنلا خەت،
كۆرەلمەس ھېچ ئۇنى، باسقانلار غەپلەت.
شۇنىڭچۈن ھەر زامان تۇرايلى سەگەك،
ئىسمى ئۇ جانانىنىڭ، پۇرسەتتۇر، پۇرسەت.

9

ئۇمىدۋار بول دوستۇم ئۆتمىگىن غەمدە،
ئۆزگىرەر بۇ ھايات ھەر رەڭ، ھەر تەمدە.
بىزگىمۇ قۇت ـ ئامەت باقىدۇ بىر كۈن،
پەملىسەڭ ھەر ئىشنى ئىلاھىي پەمدە.

10

بىر گۈدۈك، چېكەڭگە سانچىلغىنى ئاق،
سىلكىگىن بېشىڭنى ئىزلىرىڭغا باق.
ئويلىغىن، قانچىلىك ياراتتىڭ تۆھپە،
بولدى بەس، غەپلەتنى ئەمدى ئۆرۈپ ـ چاق.

11

سەن ئەگەر ئەل ـ ۋەتەن غېمىنى يېسەڭ،
ئۆلسەممۇ ئەل ئىچرە يادلىناي دېسەڭ.
ھەر جايدا ئەل ئۈچۈن قىل خالىس خىزمەت،
مەڭگۈلۈك ھايات شۇ، گەر بۇنى بىلسەڭ.

12

يوقال! دە، شان ـ شۆھرەت ئويناتسا قاش ـ كۆز،
ياشىغىن سۈزۈك دىل، كىيسەڭمۇ خام ـ بۆز.
مۇئمىنسەن نىسۇەڭ رەببىڭ قېشىدا،
ئۇنىڭدىن باشقىسى بىلگىن باتىل سۆز.




# ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر ۋە ئاپتور قېرىنداشلار!

«مەرىپەت» ژۇرنىلىمىز 2003 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال» سۈپىتىدە نەشىر قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، جەمئىي توققۇز سان نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن توختاپ قالغان ئىدى. يېقىنقى بىر قانچە ئايدىن بىرى ژۇرنال مەسئۇللىرى ۋە تەھرىر ھەيئىتىدىكىلەرنىڭ كېڭىششى ۋە زور تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا 2015 ـ يىلى يېڭى يىلدىن باشلاپ ژۇرنالنى ئەسلىدىكى نام ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەر بىلەن قايتا نەشىر قىلىش قارار قىلىندى.

ژۇرنىلىمىز نەشىر قىلىنغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردىن باشلاپلا كەڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، دىنىمىزغا ئالاقىدار ھەر خىل تېمىلاردا ئوقۇرمەنلەرگە مۇمكىنقەدەر ئەڭ توغرا، ئەڭ مۇكەممەل بىلىم بېرىش ۋە ئۇچۇر يەتكۈزۈشنى نىشان قىلغان. بىر ژۇرنال مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىر مەكتەپ دېمەكتۇر. بۇ مەكتەپتە مەن، سىز، ئۇ... ھەممىمىز قولنى قولغا تۇتۇشۇپ تەڭ ئىلگىرىلەيمىز، بىر ـ بىرىمىزدىن ئۆگىنىمىز، ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلەيمىز. ئىنشائاللاھ!

ئەسەرلەرگە قويۇلىدىغان ئۆلچەملەر:

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.

3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب ـ ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.

5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللىكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.

6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىز مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.

7. ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.

8. ماقالىلەرنىڭ ھەجمىگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇ دا بىر قانچە ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.

9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

11. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالە چوقۇم ھەر پەسلىنىڭ ئىككىنچى ئېيىنىڭ 20 ـ كۈنىدىن بۇرۇن يوللىنىپ بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن يوللىغانلارنىڭ ماقالىسى كېيىنكى سانغا قالدۇرۇلىدۇ.

ئاخىرىدا ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشىنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، قىممەتلىك پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقىنى، ماقالە ـ ئەسەر ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

«مەرىپەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

Fevzi Çakmak Mahallesi Şeref Sokak No. 11 Bodrum Kat
Sefaköy Küçükçekmece Istanbul.
TEL: 0212 _ 6243928